# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志

- چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى
- ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرى 6 - دىۋىزىيىسى
- چەشتاغدا ئاققان قانلار




1

2001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
18 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 54 - سان

2001 - يىللىق
1 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر ھوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئىلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئىلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راھىلە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھابىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئۇرخۇن

## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر

تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە تىرىشىپ تاماملاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ............ 1
ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2001 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ............ 4

### تارىخ سەھىپىسىدە

چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى ............ لى گۇاڭچىڭ 8
ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6 - دىۋىزىيىسى ............ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 20

### ئىلمىي مۇھاكىمە

قەشقەردىكى خان جەمەتى ۋە بەگلەر ...... ساۋادا مىنورۇ 25
قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىكى türk yočul bodun ھەققىدە ............ ل. يۇ. تۇگۇشېۋا 35

### تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى

تىلغا ئېلىنمىغان تەزكىرىلەر ............ ت. ساۋۇت، د. ئابلىمىت 39

### تارىخىي ئەسلىمە

چەشتاغدا ئاققان قانلار ............ مامۇت غازى 50

### ئۆرپ - ئادەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - ھاقارەت سۆزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە ............ مۇختەر ئابدۇرېشىت 61

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى هۆججىتى

ش پ ب [2001] 2 - نومۇرلۇق

---

## تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە تىرىشىپ تاماملاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتىگە، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەهەرلىك پارتكوملارغا، خەلق هۆكۈمەتلىرى (ۋالىي مەهكىمىسى) گە، ناهىيىلىك (شەهەرلىك) پارتكوم، خەلق هۆكۈمەتلىرىگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىگە، خەلق تەشكىلاتلىرىغا، ئالىي مەكتەپلەرگە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە:

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتى هەر دەرىجىلىك پارتكوم، هۆكۈمەتلەرنىڭ ئەهمىيەت بېرىشى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، هازىر ئازكەم 100 توم تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنىپ، ۋەزىپىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئورۇندىلىپ بولدى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، خېلى كۆپ تەزكىرە كىتابى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى. تەزكىرە خىزمىتى يەرلىك هۆججەت - ماتېرىياللارنى توپلاش، ساقلاش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رايون ئەهۋالى ۋە جايلار ئەهۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەهەتتە مۇئەييەن تۆهپە قوشۇپ، جەمئىيەتتىكى هەر ساهەنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشتى.

بىراق، بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە باشقا قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالدى. مەملىكەتنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئارقىغا سۆرىمەسلىك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا 2005 - يىلغىچە تىرىشىپ ئورۇنداش هەمدە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالاهىدە تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش چىقىرىلدى:

**1. هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇهىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» خىزمىتىنى هەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك.**




تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بېرى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەهبەرلىرى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن

uyghurkitap.com

ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش — ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «تەزكىرە خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان قۇرۇلۇشقا ئىگە دىققەت - ئېتىبار قوزغىمايدىغان مۇھىم خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىر مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇشى ھەم ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك» دېدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى چوقۇم ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۆز يېرى ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەركەزنىڭ «بىرگە كىرگۈزۈش» (تەزكىرە خىزمىتىنى جايلارنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈش)، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» (رەھبەرلىكنى، ئاپپاراتنى، خىراجەتنى، قوشۇننى، شارائىتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش) تەلىپىنى ھەقىقىي ئورۇندىشى لازىم. تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرە خىزمىتىگە بەلگىلىك مەدەت ۋە ياردەم بەرسە، تەزكىرە خىزمىتى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىدۇ.

**2. سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە تىرىشىپ تاماملاش كېرەك.**

مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى ئونىنچى يىل ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ نۆۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر (ۋىلايەت)، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش كېرەك. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىلانى» دىمۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى 2005 - يىلغىچە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاپ بولۇش تەلەپ قىلىنغان. بىراق ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرغا قەدەر خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىلا تاماملاندى. ئاران 15 تەزكىرە كىتابىلا ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل. ھازىردىن باشلاپ 5 يىل ۋاقىت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە ئاتاكا باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ، بۇ باسقۇچتا ھەر يىلى 18 ~ 20 گىچە خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلالىساق، ئاندىن مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى 2005 - يىلغىچە ئورۇنداشقا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلالايمىز. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز. بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە تارماقلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، ئەمما بەزى رايونلار تا بۈگۈنگىچە بىرمۇ تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئورۇنلار ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ چىقىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىر ۋە چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى ۋە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى تېز چىقىرىشقا تىرىشىشى لازىم. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئارقىدا قالغان رايون ۋە تارماقلارنى تەكشۈرۈش ۋە يېتەكلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىلان

تۈزۈشى ۋە تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، 2005 - يىلغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

### 3. تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم.

مۇقىم تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە تەزكىرىچىلەر قوشۇنى بولمىسا، تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپىتە پىشقان، تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلاردىن تەركىب تاپقان تەزكىرىچىلىك قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — تەزكىرە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. تەزكىرە تۈزۈش پارتىيىمىز ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، شۇنىڭدەك ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئاساس خاراكتېرلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشى، ئۇ ھەرگىز ۋاقىتلىق خىزمەت ئەمەس. ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار ئورۇنلار تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە خاراكتېرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

### 4. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىز — كۆپ مىللەتلىك، كۆپ خىل تىل مەۋجۇت رايون. شۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رايون ئەھۋالى ۋە جايلار ئەھۋالىنى يەنىمۇ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇش لازىم. ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىققان ھامان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىپ، خەنزۇچە كىتاب چىققان ھامان تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە قىلغان ھامان نەشر قىلىش لازىم.

### 5. تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ۋە جايلار تارىخىنى يېزىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

مەركەز مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى دەرھال باشلاشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 20 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنى بەلگىلىدى. مۇشۇ نۆۋەت تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئاخىرقى چېكى 1985 - يىلى قىلىپ بەلگىلەنگەن، ئاخىرقى چەكتىن ھازىرغىچە 15 يىل ئۆتتى. شۇڭا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2001 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

2001 ـ يىلى — يېڭى ئەسىر باشلانغان يىل، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويغان 2 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرە خىزمەتچىلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، «ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىش، ئۆزىنى بېغىشلاش» روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم. 2001 ـ يىلدىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. تەزكىرە خادىملىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش.**

1) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى ۋە دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش، قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم.

2) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خادىملىرى ئارىسىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، شىنجاڭ تارىخى، مىللەت ۋە دىنغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇ. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىك مەسىلىسى ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقىي ھەل قىلىنىدۇ.

3) پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرىچىلىك سىستېمىسىدا پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم مۇھاكىمە - سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە تارىخى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىدۇ، كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزىم ياخشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ياخشى دېگەن ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىدۇ.

4) ئورگاننىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. مەركىزىي گۇرۇپپا ۋە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ھەم مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە پىلانلىق تەشكىللىنىدۇ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ، ئورگاننىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىدۇ، جان - دىل بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەكرەش بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

## 2. ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش.

2000 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. بۇ — ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە ئېچىلغان، تەزكىرە خىزمىتىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان مۇھىم يىغىن، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەر، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارىلەر بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان رايونلار ۋە ئورۇنلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ قەدىمىگە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا بولغان ھەيدەكچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ.

1) ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇشۇ يىلدا خوتەن ۋىلايىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە يىغىن ئېچىپ، بىر قېتىم «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» باش مۇھەررىرلەر خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ ۋىلايەتلەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يەنە ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سالمىقىنى ۋە تەكشۈرۈش - يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېڭى ئەسىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يېڭى بالداققا ئۆرلەشكە پائال تۈرتكە بولىدۇ.

2) 2001 - يىلى 26 توم يېڭى تەزكىرە كىتابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەرجىمە قىلىش نەشردىن چىقىرىش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسىپلەر تەزكىرىسى 10 توم، يەنى

«خەلق ئاۋئاتسىيىسى تەزكىرىسى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى»، «يېزا - بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى»، «جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەزكىرىسى»، «كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «هۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «ئورمانچىلىق تەزكىرىسى»، «مىللەتلەر تەزكىرىسى»، «ئەسەر نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر تەزكىرىسى 12 توم، يەنى «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى»، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى»، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇدۇنخابا رايونى تەزكىرىسى»؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە كىتابى 4 توم، يەنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چارۋىچىلىق تەزكىرىسى»، «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت.

3) جايلار تارىخىنى يېزىش ۋە تەزكىرىنى دۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. تەزكىرە خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىنى لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى ۋە باشقا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەش لازىم. مۇشۇ يىلى «قۇمۇل ۋىلايىتى تارىخى» نى نەشردىن چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.

4) تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم. جايلار تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىدىكى پائال رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

5) «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچە نەشرىدە بىر گەۋدىلەشكەن تىجارەت سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئەتراپىدا نەشردىن چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى 2001 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەشردىن چىقىرىش كېرەك.

6) ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى ۋە تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە خىزمەتچىلىرىنى تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى كەيپىياتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشى كېرەك.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نەشرىنىڭ سەھىپىلىرى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز ۋاقتىدا نەشر قىلىپ، تارقىتىلىشى لازىم. ژۇرنال چىقىرىشنىڭ پىكىر يوللىرىنى پائال كېڭەيتىش، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە مۇنبىرى سەھىپىسى ئېچىپ، بۇ سەھىپىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەزكىرە نەزەرىيىسى ئىلمىي ماقالىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ بۆشۈككە ئايلاندۇرۇش لازىم.

«تەزكىرە ئۇچۇرى» دا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتىدا، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

7) تەزكىرە قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە

تەيىنلەنگەن مۇدىرلار ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن بىر قارار كۈرس ئېچىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەزكىرە كادىرلىرى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئالاقىدار كۈرسلارغا ئەۋەتىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

### 3. مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىش

2001 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورگان بەرپا قىلىشنى ئىستىلى قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سىياسىي ئىدىيۋى تەربىيە بېرىشنى ۋە ئىستىل جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىدۇ، مەدەنىي سۆز قىلىش، كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىدۇ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشى ۋە تەربىيىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار ۋە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، ئىتتىپاقلىق مەدەنىي خىزمەت مۇھىتى بەرپا قىلىدۇ.

(بېشى 3 - بەتتە)
ۋەزىپىسىنى تاماملىغان رايون ۋە تارماقلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى لازىم.
1998 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردە جايلار تارىخىنى يېزىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر جايلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىش خىزمىتىنى تاماملىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر جايلار تارىخىنى يېزىشنى بىر تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇشى، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، جايلار تارىخىنى يېزىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى، مۇشۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە بىر تۈركۈم جايلار تارىخى ئەسەرلىرىنى نەشردىن چىقىرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چەتئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخىرقى كۈنلىرى

لى گۇاڭچىڭ

1950 ـ يىلى بىز سىياسي ـ قانۇن سېپىدىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر يىل بولدى: بىر تەرەپتىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭى دەسسىتىلىۋاتقان، ھەممە ئىشلار قايتىدىن گۈللىنىۋاتقان، ھەممە جايدا ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قىلىچىنى بىلەپ، ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ، قولدىن كەتكەن جەننىتىنى قايتۇرۇۋېلىش خام خىيالىدا بولماقتا ئىدى. ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت بىر تەرەپتىن كىشىنى ئىلھاملاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى، خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ سۇنىڭ تېگىدە نۇرغۇن يوشۇرۇن خادا تاشلار دائىم قاينام ھاسىل قىلىپ تارىخنىڭ ئېقىمىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوغداش بىزدەك جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى بارلىق كادىر ـ ساقچىلارنىڭ شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىمىز ئىدى.

بۇ بىر يىلدا بىزنىڭ ھەر كۈن، ھەر سائەت ۋاقتىمىز جىددىي خىزمەت ئىچىدە ئۆتتى. رازۋېدكا قىلىش، قوغلاپ تۇتۇش، سوراق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەدبىر بەلگىلەپ بىر قاتار ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى پاش قىلدۇق، يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە نىقابلىنىۋالغان دۈشمەن ۋە ئىشپىيونلارنى تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكىگە كۈچلۈك زەربە بەردۇق، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

## ئالاھىدە ۋەزىپە

6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، بىر كۈنى ئىشخانامدا شۇ كۈنلۈك «جەمئىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات»نى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئۈستىلىمدىكى تېلېفون جىرىڭلىشىۋىدى، تۇرۇپكىنى ئالسام تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— لاۋلىمۇ سىز! مەن ليۇ خۇپىڭ... چۈشتىن كېيىن ئىككىمىز بىر باش قوشۇۋالساق قانداق؟.. .... ھە شۇنداق، ۋەزىپە بار، يەنە كېلىپ ئالاھىدە ۋەزىپە دەڭلا...

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سىياسىي قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. بىزگە ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ خۇپىڭ رەھبەرلىك قىلاتتى. ھازىر، ئايرىم كۆرۈشمىسەك تېلېفوندا دېگىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، كېچىككىپرەك ئازاد بولغاچقا ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن جايلاردىن بىرمۇنچە دۈشمەن



ئىشپىيونلىرى بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋېلىپ، خەلقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش خام خىيالىدا بولۇشاتتى؛ بۇ يەردە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى يوشۇرۇن پونكىتى، گارنىزون باش قوماندانلىق شتابىنىڭ 2 ـ باشقارمىسى، ئۆلكىلىك پىرقە ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى، ژاندارما قىسىم ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قاتارلىق ھەرخىل گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىمۇ قېچىشتىن ئاۋۋال زور بىر تۈركۈم يوشۇرۇن ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بۇ ئەبلەخلەر دائىم كېچىدە چىقىپ ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇلار بەزىدە يوشۇرۇن ئوق ئاتسا، بەزىدە زور دېلو سادىر قىلىپ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ نازىر ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن نازىر ليۇ مەن بىلەن 4 ـ 5 سائەت سۆھبەتلەشتى، بىز ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق.

100 يىلدىن بۇيان ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، روسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ مەسىلىسىگە قول تىققان. 1865 ـ يىلى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ياقۇپ بەگ توپىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. ئارقىدىنلا باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ ئارقىدا قېلىشنى خالىماي، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان سۇيىقەستلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئىلغارلىق نىقابىغا ئورۇنۇۋېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇنسۇرلىرىنى قوغلاپ چىقارغانىدى. 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى. ئارقىدىنلا ئامېرىكىمۇ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى.

كونسۇلخانا ئەسلىدە سودا ئىشلىرى، ۋىزا، مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگان ئىدى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەنگلىيىنىڭمۇ، ئامېرىكىنىڭمۇ مۇھاجىرى يوق، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، كونسۇلخانا تەسىس قىلىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

«جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، بۇ 2 كونسۇلخانا دىپلوماتىيە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆز قولچوماقلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كەلدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستون 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالدى بىلەن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. 9 ـ ئايدا مۇئاۋىن كونسۇل ماكنانمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ كەتتى. پەقەت ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەرلا قېپ قالدى.

يولداش ليۇ خۇيلىڭ بۇ قېتىم ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرغاندا مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئېلىمىزدە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قانۇنسىز. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار كونسۇلخانىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىقلاپ، تىخىمۇ تىغ ئېلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت. كونكرېت خىزمەتلەردە ئېھتىياتچان، سالماق بولۇڭلار، قىلغان ئىشىڭلار قائىدىلىك، پايدىلىق بولسۇن، ئەدەپلىك بولۇڭلار»

## دەسلەپكى جەڭ غەلىبىسى

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن كونسۇلخانىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئامىمىنى قوزغاپ كونسۇلخانىدىكىلەرنىڭ قانۇنسىز پائالىيەتلىرىنى پاش

uyghurkitap.com

قىلىشنى قارار قىلدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي خىزمىتىمىزدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. بۇنىڭدىكى يىپ ئۇچىغا بىز قولغا چۈشۈرگەن مەخپىي بەلگىسى «CC» بولغان ئامېرىكا - جياڭ جيېشى ئىشپىيونى (ھەقىقىي ئىسمى تىلغا ئېلىنمىدى) ئاغزىدىن ئېرىشتۇق.

«CC» ئەسلىدە گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسى بىلەن ئامېرىكا - ئەنگلىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە ئالاقىچى بولۇپ، بۇرۇن ئامېرىكا - ئەنگلىيە كونسۇللىرى بىلەن نۇرغۇن چوڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلىغانىكەن. قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ ھېچقانداق گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، كېيىن قايتا - قايتا تەربىيە بېرىشىمىز نەتىجىسىدە، پارتىيىمىزنىڭ «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش» سىياسىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىپ، پوزىتسىيىسىدە ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ۋاقىتتا بىز ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا - ئەنگلىيە جاسوسلۇق ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقانلىق توغرىسىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسەتتۇق. تولۇق دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىدا «CC» ئاخىرى ئۆزىنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، تۆۋەندىكىلەر بۇ جاسوسنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاغزاكىي ئىقرارىنىڭ خاتىرىسى:

— . . . ئازادلىقتىن كېيىن مەن بىلەن بىرگە قالدۇرۇلغان يوشۇرۇن ئىشپىيونلاردىن مەسئۇت بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئائىلىسى نۇرباغدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ جايلاشقان ئورنى چەترەك، مۇھىتى جىمجىت ئىدى. كېسەلچان بولغاچقا، ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز ئىدى. مېنىڭ ئۆيۈم ئارقا كوچىدا يەنە كېلىپ ئاۋات بازاردا بولغاچقا، مۇھىتى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئاخبارات توپلاشقا قولايلىق ئىدى. مېنىڭ ئايىقىم خېلىلا يېنىك ئىدى.

— ئىككىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇنداق ئىش قىسماتى قىلدۇق: مەسئۇت ئاساسلىقى ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ پاكىستون بىلەن تېلېگراف ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىغان (پاكىستون ماڭىدىغان چاغدا بىزگە بىر دانە تېلېگراف ئاپپاراتى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ، مەسئۇتنىڭ ئۆيىدە ئىدى) مەن ئازادلىق ئارمىيىگە دائىر ئاخباراتلارنى تىڭتىڭلاپ مەسئۇتقا يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەن ئۆزەمگە بىر ياردەمچى تاللاپ، يېقىلغان تاشتىكى جۇڭگو - سوۋېت ئايرودرومى يېنىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر توشۇيدىغان ئايروپىلانلارنىڭ قونۇش قېتىم سانىنى ئىگىلەش بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق قانچىلىك ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى توشۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— كېيىنچە ھېلىقى ياردەمچىم يەنە بىر ياردەمچى تېپىپتۇ (بۇ ئادەم گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن), ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - بىرىگادىسىدىكى كونا ئەسكەرلەرنى توپلاپ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يۈرۈش قىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تېزلا كونترول قىلىۋالغاچقا، بىزنىڭ بۇ سۇيىقەستىمىز ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

— مەسئۇت بىلەن ئىككىمىز كېلىشكەن ئاخبارات يەتكۈزۈش ئۇسۇلىمىز مۇنداق ئىدى: ئاخباراتنى سىيا قۇتىسىغا قاچىلىغاندىن كېيىن سىرتىنى ياخشى ئوراپ مەخپىي ھالدا نۇرباغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر پارچە چىملىققا تاشلاپ قوياتتىم. مەسئۇت ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈشتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىناتتى. 1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەن سىياھ قۇتىسىدىن مەسئۇت ماڭا قالدۇرغان باغاقچىنى ئالغاندىن كېيىن 2 - كۈنى كېچىدە نۇرباغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەخپىي ئۇچرىشىشنى ئۇقتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئىككىمىز كۆرۈشكەندىن كېيىن پاۋماۋشۇن (پاكىستوننىڭ خەنزۇچە ئىسمى) تېلېگراممىا ئەۋەتىپ تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، پائالىيەتنى توختىتىڭلار دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى — دېدى ۋە مەندىن قانداق قىلىمىز؟— دەپ سورىدى.

— ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ تېلېگراف ئاپپاراتى

ئاشكارىلىنىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتىم. ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ 3 - كۈنى كېچىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ مەسئۇتنى ئىزدەپ نۇرباغقا باردىم. ئىككىمىز مەخپىي ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەخپىي سىفىر ۋە ئېلېكترولامپا، قۇرۇق باتارىيە قاتارلىقلارنى چوڭ مەشتىكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتۇق. يەنە كۆمۈر چاققان ئاۋازدىن پايدىلىنىپ پالتا بىلەن تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلىدۇق ھەمدە ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتۇق. مەن بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان چاغدا مەسئۇت باشتىن - ئاخىر ئىشىك تۈۋىدە قارانچۇق بولدى. ئاخىرىدا مەن مەسئۇتقا كۆلنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىۋېتىش، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماسلىقنى تاپىلىدىم.

1949 - يىلى كۈزدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەملىكەت دائىرىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. شىنجاڭدىكى تاۋسىيۇ، بۇرھان قاتارلىق ئارمىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قەتئىي قوللىدى ھەمدە تەييارلىق خىزمەتلىرىگە پائال كىرىشىپ كەتتى. يې چېڭ، ماۋ چىڭشاڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلار ھەقىقەتكە قايتىشقا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى چىقتى. ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ ئۆز ئارا خىرىس قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

بۇ كۈزدە ئامېرىكا - ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قارشى بىر قاتار سۇيىقەستلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ۋە ئۇنى پىلانلىدى.

«CC» نىڭ ئىقرارى بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى تونۇتتى:

— شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن 1947 - يىلدىن باشلاپلا، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلىغانىدۇق. بۇ پائالىيەتتە ئەنگلىيە - ئامېرىكا كونسۇللىرى پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلسا، بەزىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالاقە ئورناتتى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى مەسئۇت، ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ مەخپىي پىلان تۈزگەنىدۇق.

— 1947 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەيسانىڭ ئۆيىدە يىغىن ئاچتۇق. ئەيسا جياڭ جېيشىگە شىنجاڭغا ئاپتونومىيىدىن يۇقىرى، مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن ھوقۇق بېرىش ھەققىدە تەلەپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇنى ئاڭلاپ پاۋ ماۋشۇن قاتارلىق كىشىلەر دەرھال ئالقىشلىدى ھەمدە باشقىچە نىيەت بىلەن: باش كاتىپ ئەيسا ھەقىقەتەنمۇ يارايدىكەن، كىشىنى قايىل قىلىدىكەن. . . دەپ كېتىشتى.

— 1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي باغچىدىكى مەمتىمىننىڭ ئۆيىدە مەخپىي يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا مەمتىمىن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پاكىستون دەرھال بۇ تەشەببۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— 1948 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سانجىدىكى كۆچەتخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشتا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ھەققىدە كېڭەشتۇق ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدۇق. يىغىندىن كېيىن پاۋماۋشۇن ئەيساغا پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 3000 ئامېرىكا دوللىرى بەردى.

— 1949 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا پاۋ ماۋشۇن ئەنگلىيە - ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىغا ۋاكالىتەن مۇنداق قارار چىقاردى: 1. ئەيسانى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئىغۋا تارقىتىش، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىغا دائىر كەيپىيات پەيدا قىلىش. 2. مەمتىمىننى خوتەنگە ئەۋەتىپ تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا مەخپىي تەييارلىق كۆرۈش، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ خەلقئارا جامائەت پىكرى تەييارلاش. 3. مەسئۇتنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىش، زۆرۈر

uyghurkitap.com

تېپىلغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش. 4. «CC» نى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ، مەخپىي پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇش، بۇ ئارقىلىق تاۋسىيۇ، بۇرھانلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئەھۋالىنى ۋە يى، ما، لولارنىڭ پوزىتسىيىسىنى ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ تۇرۇش، پاكىستون بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، مۇبادا يى چىڭ بىلەن تاۋ سىيۇ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، پاۋ ماۋشۇن ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن يى چىڭغا يوشۇرۇن ياردەم بېرىش، بۇ ئارقىلىق بارلىق ھەربىي ھوقۇقنى يى چىڭغا تۇتقۇزۇش، ئاندىن مەسئۇت ۋە مەمتىمىنلەر مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلەش، ئاخىرىدا بىرلىشىش ئارقىلىق ئۈرۈمچىدە تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەشكىللەش ھەمدە تۇڭگان مۇستەقىل تۇەنى ۋە قازاق مۇستەقىل تۇەننى ئۆز يېنىغا تارتىپ پايتەخت ئۈرۈمچىنى قوغداش.

— 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىمگودىكى يىغىندا يەنە مۇنداق قارار قىلىندى: 1. ئەگەر يى، ما، لولار شىنجاڭنى قوغدايمىز دەپ ئۇرۇش قىلسا، ئۈرۈمچىدە مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش، مەسئۇت رەئىسلىكنى، مەمتىمىن ۋە يولۋاسلار مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئېلىش، يى چىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 1 - باش قوماندانى، ئوسمان 2 - باش قوماندانى بولۇش. 2. مۇبادا يى چىڭنىڭ پوزىتسىيىسىدە تەۋرىنىش بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى ھۆكۈمەت قۇرۇشقا يار بەرمىسە، خوتەندە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى مەمتىمىن، مۇئاۋىن رەئىسلىكنى يولۋاس ۋە ئەيسا ئۈستىگە ئېلىش، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئوسمان ئۈستىگە ئېلىش. 3. دۆلەت بايرىقى تېگى ئاق رەڭلىك، ئون تۆت تال قىزىل سىزىقلىق بايراق بولۇپ، شىنجاڭدىكى 14 مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا ئاي، يۇلتۇزنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلىدۇ. 4. ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر يولۋاس قۇمۇلنى قوغدىشى، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇشى لازىم.

— 1949 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پاۋ ماۋشۇن خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشنى باھانە قىلىپ ئامېرىكىغا كېتىپ قالغاچقا، مۇئاۋىن كونسۇل ماكنان خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ماكنان يى چىڭغا پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 200 سەر ئالتۇن بېرىپ، يى چىڭنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىگە مەدەت بەردى. بۇ چاغدا، يى چىڭ پايدا - مەنپەئەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى خالىماي كېتىپ قېلىش قارارىغا كەلدى. ماكنان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا تويتەك سەكرەپ: مۇشۇنداق توخۇ يۈرەك بىرنېمىلەرمۇ گېنېرال بولامدۇ؟ ، دەپ تىللاپ كەتتى. ئارقىدىنلا يىغىن ئېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىش قارار قىلىندى.

— 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماكنان ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا يىغىن ئېچىپ، ئوسمانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن بارلىق ئاتلىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىپ، تاۋۇز چاغىنى كېچىسى ئۈرۈمچىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى، تاۋ سىيۇنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرىنى بىراقلا يوقىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشنى ئۇقتۇرۇشنى قارار قىلدى. مۇشۇنداق بولغاندا مەسئۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالايتتى.

— يىغىندا يەنە قۇمۇلدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش، يولۋاسنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى قۇمۇل مەركىزىي بانكىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلاشقا ھەمدە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە قۇترىتىش، مەمتىمىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن ۋە خوتەنلەردە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش. . . قارار قىلىندى.

«CC» نىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن، بىز نۇرغۇنلىغان تەكشۈرۈش، دەلىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق، ھەرخىل پاكىتلار بۇ جىنايەتچىنىڭ

ئىقرارىنىڭ ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداق قىلىپ چەت ئەل جاسۇسلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاغدۇرمىچىلىق - بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچكى سىرى ئېچىلدى.

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئەكسىيەتچىل سىياسىي سەپسەتىلەر يامراپ كەتتى، مەسىلەن: «3 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇدەك، ئامېرىكا قىسمىلىرى يا لۇجياڭ دەرياسى بويىغا كەپقاپتۇدەك، كومپارتىيە هالاك بولغۇدەك» ، «ئوسمان، جانىمقانلار ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، تاغدا كاتتا غەلىبىلىك جەڭ قىپتۇدەك. ئازادلىق ئارمىيىدىن نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇدەك» ، «كومپارتىيىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، بىرىمۇ ئامان قالماپتۇدەك» دېگەندەك پىتنە - پاساتلار قۇلاقتىن نېرى كەتمەيتتى.

بۇ ئەكسىيەتچىل پىتنە - پاساتلار ھەقىقىي ئەھۋالدىن بىخەۋەر قىسمەن ئاممىنى ئازدۇرۇپ، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىشپىيونلارنى رازۋېدكا قىلىش خىزمىتىمىزگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئوت قويرۇقلۇق قىلغان بىر تۈركۈم دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، دۈشمەنگە زەربە بەردۇق. لېكىن، ئەكسىيەتچىل پىتنە - ئېغۋالار يەنىلا تارقالماقتا ئىدى.

بۇ جىنايەتلەرنىڭ مەنبەسى زادى قەيەردە؟

بىز تەرەپ - تەرەپكە رازۋېتچىك ئەۋەتىپ، بۇ پىتنە - ئىغۋالارنى يىغىپ توپلاپ، ئەستايىدىل تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، مەلۇم قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتۇق.

ئاخىرىدا، بىز بۇ خىل پىتنە - ئىغۋالارنىڭ ئىككى خىل ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق: بىرى، بۇ پىتنە - ئېغۋالار روشەن ھالدا ئامېرىكىغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، قانداقتۇر «3 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغۇدەك» ، «ئۇ چاغدا ئامېرىكا بومبىلىرى يامغۇردەك يېغىپ كەتكۇدەك» ، «ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى پارتلايدىغان بولسا ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكۇدەك، كومپارتىيە ئامان قالمىغۇدەك» ، «ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىرلىشىۋالىدىغان بولسا، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەندەك پىتنە - ئېغۋالار ئىدى. يەنە بىرى، چەت ئەللەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار پىتنە - ئىغۋالار ئىدى. مەسىلەن: شۇنچە يىراقتىكى چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ۋەزىيىتىگە دائىر گەپ - سۆزلەر بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا تارقىلاتتى. ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار مەسىلەن: تۇرۇشلۇق قىسمىلىرىمىزنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى شۇ كۈنىلا شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىلىرىدا خەۋەر قىلىناتتى. . . بۇ خىل غەلىتە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەگەر ئىچكى ئاگېنت بولمىسا، زامانىۋى ئالاقىلىشىش قوراللىرى بولمىسا تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز نەزەرىمىزنى تەبىئىي ھالدا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ئاغدۇردۇق.

چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق پەرىزىمىز توغرا بولۇپ چىقتى، بەزى كىشىلەر بىزگە: كونسۇلخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارساق ئەنگلىيە كونسۇلى خې رېنجى باشقىچە نىيەت بىلەن، بىزدىن «كومپارتىيە سىلەرگە نېمە پايدا يەتكۈزدى؟ سىلەرگە قانچىلىق گۆش ۋە ئۇن بەردى؟ تۇرمۇشۇڭلار بۇرۇنقىدىن ياخشىلىنىپ قالدىمۇ؟» دەپ سورىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. يەنە بەزى كىشىلەر بىزگە ئۆزلىرىنىڭ كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا، خې رېنجىنىڭ ھەمىشە ئۇنى - بۇنى سورايدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئازادلىق ئارمىيە ۋە خەق ھۆكۈمىتىگە دائىر بارلىق ئەھۋاللارنى زېرىكمەي - تېرىكمەي تىڭ - تىڭلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

باشقا پىتنە - ئىغۋالارنىڭ كۆپىنچىسى كونسۇلخانىدىن تارقالغانىكەن. ئىگىلىشىمىزچە، خې رېنجىدىن باشقا جۇڭگولۇق بىرنەچچە كونسۇلخانا خىزمەتچىسىمۇ خې رېنجىغا ماسلىشىپ ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىكەن.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر كۈنى مەن تەرجىمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابدۇل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بوۋاينى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىشى بىزنىڭ تەۋەدىكى كىشى بولۇپ بىزنى نۇرغۇن پايدىلىق ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلىگەنىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەك بۇرۇنقى قىزغىن پوزىتسىيىسى يوقاپ، جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. بۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىش مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولدۇم.

بۇ كىشى ناھايىتى ئالدىراقسان بولۇپ، مەن ئولتۇرا ئولتۇرمايلا گېپىنى باشلىۋەتتى: «سىلەر راستىنلا ئىچكىرىگە كېتىدىغان بولدۇڭلارمۇ؟ خۇدا، نېمىشقا ياخشى ئادەملەر ھەمىشە يامان ئادەملەرگە يېڭىلىپ قالىدىغاندۇ؟» دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مەن ناھايىتى تەسىرلەندىم ۋە دەرھاللا يۇقىرىدىكى پىتنە ـ ئىغۋالارنى ئىنكار قىلدىم. ئارقىدىنلا بۇ كىشىگە ۋەزىيەت ھەققىدە ئېنىق سۆزلەپ، پارتىيىمىزنىڭ ۋە ئارمىيىمىزنىڭ چېگرا رايوننى قوغداش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئېزىپ ـ ئېچۇرۇپ چۈشەندۈردۈم، بۇ كىشى خۇشاللىقىدا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ «توغرا! توغرا!» دەپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قېلىش ئەھۋالىنى ماڭا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى:

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بۇ كىشى ئاغرىپ قېلىپ باشقىلار بىلەن بىرگە كونسۇلخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خې رېھىنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان پىتنە ـ ئىغۋالىرىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ قاپتۇ-دە، ئۆزىگە يېڭى كېسەل تېپىۋاپتۇ.

بۇ كىشىنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتىمۇ ئاچچىقلاندىم. بۇ ئەبلەخلەر ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنى تاپشۇرمايلا قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندە يەنە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىۋېتىپتۇ. جاھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىقىدىن ئەنسىرەۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىچە قويۇۋەتمەيمىز، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ رەھىمدىللىك قىلمايمىز.

## تىغمۇ تىغ ئېلىشىش

10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مەن ج خ نازارىتىگە بېرىپ يولداش ليۇ خۇيېڭغا خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدىم. ئۇ: بۇ ئەھۋاللار ناھايىتى مۇھىم، دەپ بىزنى مۇشۇ ئاساستا بىر نۇسخا ماتېرىيال تەييارلاپ يۇقىرىغا يوللاشنى ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە سۇنۇشىمىزنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ: ئىگىلىنىشىچە، سابىق ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى پاكستوننىڭ 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىر بولسا ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىۋالغانلىقى، مۇئاۋىن كونسۇل ماكناننىڭ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، بارىكۆل يايلاقلىرىغا قۇتراپ بېرىپ ئوسمان باندىتقا نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش پۇل ۋە ئوق بېرىپ ئۇلارنى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكى، ئارقىدىن شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

يولداش ليۇ خۇيېڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ماتېرىيالنى رەتلەشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردۇم، ئۇندىن باشقا يىغىن ئېچىپ، خې رېھىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ھەققىدە يۈزتۇرانە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنى قارار قىلدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقتۇق.

ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى يەنە 1 ـ باشقارمىنىڭ باشلىقى خۇلياڭنى ئىدارىمىزگە خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

چاقىرىق قەغىزى مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق خې

رېنجىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خې رېنجى سۇس سېرىق رەڭلىك ئالىي دەرىجىلىك دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە پىلىموت ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىلىدىغان ئۇسكۇنىلەر مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ يەنە ھۆججەت ساقلايدىغان بىخەتەر ئىشكاپمۇ بار ئىدى. بۇ ئاپتوموبىل كۆركەم، ئازادە، سۈرئىتى تېز، ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللىنىشقا تولىمۇ باب كېلەتتى.

خې رېنجى كۆك كۆز، قاڭشارلىق كىشى بولۇپ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى جورجى خوكىش چومۇس ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى جۇڭگوغا خېلى بۇرۇنلا كەلگەن بولۇپ، جياڭسۇ جېنجياڭدا تۇرۇشلۇق دىن تارقاتقۇچى ئىدى. خې رېنجى جېنجياڭدا تۇغۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەنگلىيەدە ئوقۇغان، 30 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئەنگلىيەدىكى مەلۇم تېببىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن، كېيىن دىن تارقاتقۇچى سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگوغا ئەۋەتىلىپ، ئۈرۈمچى - ماناس دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، گومىنداڭ دەۋرىدە يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، ئەمما بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشىدە بۇرۇنقى دىن تارتقاتقۇچى سالاھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك كونسۇلى، دېگەن سالاھىيەتتە قايتىپ كەلگەنىدى.

خې رېنجى تىبابەتچىلىكتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، كېسەل كۆرۈش نامى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەرساھە زاتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى كاتتا ئەربابلار بىلەن ئالاقىسى ئالاھىدە قويۇق ئىدى، ئۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق ئاخبارات توپلايتتى.

خې رېنجى بىزنىڭ چاقىرتقىنىمىزنى مەنسىتمىگەندەك قىلاتتى، بۇنى ئۇنىڭ تەكەببۇر قىياپىتىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ئەلچىسى پەقەت ئەدەب يۈزىسىدىنلا بۇ يەرگە كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن بىزنىڭ جىددىي قىياپىتىمىزنى كۆرۈپ بىرنەرسىنى سەزدى بولغاي، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئارقىدىنلا پوزىتسىيىسىمۇ يۇمشىدى.

مەن قارشى تەرەپتىكى بىر بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا شەرەتلىدىم.

— ئەپەندىلەر، مېنى نېمىگە چاقىرتتىلىكىن؟ دەپ سورىدى خې رېنجى ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىدا چېكىپ بېقىش تەلەپپۇزى بىلەن.

— يېقىنقى ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

— مېنىڭ ئەھۋالىمما؟ نېمە دېسەم بولار، ناھايىتى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كونسۇلى بولۇپلا قالماي، يەنە دوختۇرلۇقمۇ قىلىمەن، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ كەلدىم، دۆلىتىڭلار پۇقرالىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم بەردىم.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەسىلىنىڭ نېگىزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، گەپنى ئەگىتىپ يۇرمەي:

— بۇندىن باشقا سەن يەنە ئېلىمىزدە نۇرغۇن قانۇنسىز قىلمىشلارنى سادىر قىلدىڭ، — دەپ ئەسكەرتتىم.

— نېمە؟ قانۇنسىز قىلمىش؟ قىزىق گەپ بولدىدە بۇ، گېپىڭىزنى چۈشەنمەيلا قالدىمغۇ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چۈشەنمىگەن قىياپەتتە كۈلۈپ كەتتى.

— چۈشىنىپ قالىسەن. كاتىپ لى پېيجى شۇنداق دېگىنىچە ماتېرىيالنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئامېرىكا جاسۇسى پاكستون، ماكنانلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاپ تىڭچىلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن جىنايى پاكىتلارنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

خې رېنجى دەسلەپتە ئېتىراپ قىلمىدى ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن: «سىز دەۋاتقان ئىشلار بىلەن

سىلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتلىرىڭلارنىڭ ئالاقىسى يوق. سىلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتلىرىڭلار قۇرۇلغاندىن كېيىن مەن قانۇنغا ئەڭ رىئايە قىلىپ كەلدىم. بۇ نۇقتا، مېنىڭچە ھەرقايسى ئەپەندىلەرگە تامامەن روشەن، — دېدى.

— توغرا ئەمەس، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ سەن يۇۋاش بولمىدىڭ، قولىمىزدا تولۇق پاكىت بار! - كاتىپ شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ ئىخۋا تارقىتىپ كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغانلىقىغا دائىر تۇرلۇك پاكىتلارنى بىر - بىرلەپ مىسال قىلىپ كۆرسەتتۇدى، خې رېنجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا خې رېنجى گەپ تېپىپ بېرەلمەي جىمىپ قالدى ۋە كۆزئەينىكىنى ئېلىپ تەكرار سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، قوپاللىق بىلەن:

— قاملاشمىغان گەپ، مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن. سىلەر مەندەك بىر چەت ئەل ئەلچىسىنى ھاقارەتلىسەڭلا، خەلقئارا قائىدىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ، سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، مەن دېگەن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئايال پادىشاھ ئالىيلىرى بىۋاستە تەيىنلىگەن ئەلچىسى. سىلەرنىڭ ماڭا يولسىزلىق قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىڭلار يوق! مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن. . . ، — دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

يولداش خولياڭ چىداپ تۇرالماي ئۇستەلنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ئويۇنۇڭنى يىغىشتۇرۇۋال، خې رېنجى ئەپەندى، بۈگۈنگە قەدەر جۇڭگو - ئەنگلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلمىدى. بىز كونسۇلخاناڭلارنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. مەن ئېيتىپ قوياي، سېنىڭ سالاھىيىتىڭ ئادەتتىكى مۇھاجىردىنلا ئىبارەت خالاس، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق، ئەگەر ئېلىمىزنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلساڭ جازالاشقا ھەقلىقمىز. . . .

— مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن، سىلەر ئەدەپسىز ئىكەنسىلەر، مەن خەلقئاراغا سىلەرنىڭ ئۇستۈڭلاردىن ئەرز قىلىمەن!

— ئىختىيارىڭ، سېنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان ئويۇنلىرىڭغا بىز قىزىقمايمىز.

ئارقىدىنلا يولداش خولياڭ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك ۋاقىتلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى:

جۇڭگو - ئەنگلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن سابىق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى ئادەتتىكى مۇھاجىر دەپ قارىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىپلومات سالاھىيىتى بىلەن ھەرقانداق ئورۇنغا كىرىپ - چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

غەيرى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى خادىملىرى ئۆز ئالدىغا كونسۇلخانىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ، سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ساقچىخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك. باشقا كىشىلەر كونسۇلخانىغا كىرسە بولمايدۇ، زۆرۈر تېپىلسا خىزمەتچى خادىملىرىمىز تەكشۈرۈشكە ۋە چەكلەشكە ھوقۇقلۇق. كونسۇلخانا خادىملىرى نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بويسۇنۇشى، ج خ ئورگانلىرىنىڭ نوپۇس ئېنىقلاش ۋە نوپۇس باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

سابىق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ سىياسىي تۈس ئالغان يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈشى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كېرەكلىك بارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سودا شىركىتى سېتىپ بېرىدۇ، كونسۇلخانا خادىملىرى ئۆز ئالدىغا سىرتتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا بولمايدۇ.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خې رېنجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بەئەينى يىلى چىقىپ كەتكەن توپىقىلا ئوخشاپ قالدى ۋە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كەتتى.

## ئاخىرقى كۈنلەر

دەل بىز ئويلىغاندەك، خې رېنجى كېيىنكى كۈنلەردە جىم يۈرمىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن توساتتىنلا شاقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. كونسۇلخانا دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىۋاتقان جەڭچى يامغۇردا قالماسلىق ئۈچۈن كونسۇلخانا پىشايۋىنىنىڭ ئاستىغا يىرىۋاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئادەتتە مۇلايىم كۆرۈنىدىغان خې رېنجى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىڭ، شەخسىي تۇرمۇشىمىزنى مارىلىدىڭ، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىپتۇ ۋە ھېلىقى جەڭچىنى ئىتتىرىپ ئوچۇقچىلىققا چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئازاد بولغاندىن تارتىپ، خې رېنجى تۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسى قېلىن پەردىدە مەھكەم ئېتىكلىك بولۇپ، ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى سىرتتىكىلەر ھەرگىزمۇ بىلەلمەيتتى.

يەنە بىر قېتىم ئۈچتاش ساقچىخانىمىزنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ يەنرۇڭ نوپۇس ساقچىسىنى باشلاپ ئىش بېجىرىش ئۈچۈن بارغاندا، خې رېنجى ئىشىكنى ئېچىپ بەرمىگەن. ئىككى تەرەپ يېرىم سائەتتىن كۆپرەك تىركىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، خې رېنجى ئامالسىزلىقتىن ئىشىكنى ئاچقان، بىراق، بۇ 2 يولداشنى ئىچكىرى ئۆيگە كىرگۈزمىگەچكە، نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە مۇمكىن بولمىغان.

كىشىنى گۇمانغا سالىدىغىنى خې رېنجىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى بايراق خادىسى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بايراق خادىسى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. خې رېنجى بىرنەچچە قېتىم ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ بايراق خادىسى بىلەن ھەپىلەشكەن. تېخنىك خادىملىرىمىزنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بايراق خادىسىنىڭ ئۈچى مەخپىي تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ئانتېنىسى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. تىزىملاتمىغان ھەرقانداق تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ چەكلەش دائىرىمىزدە ئىدى. كېيىن تەكشۈرسەك بايراق خادىسىنىڭ ئۈچىدا ھەقىقەتەنمۇ قوشۇمچە ئۈسكۈنە بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

بۇ كۈنلەردە خې رېنجى بۇرۇنقى ئادىتىنىڭ ئەكسىچە ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ سىرتقا چىقىپ تۇردى. سىرتتىكى بەزى كىشىلەرمۇ دائىم دېگۈدەك كېچىلەردە كونسۇلخانىغا كىرىپ - چىقىپ يۈردى، ئۇلار گويا بىزنىڭ ۋاقىتلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىمىزنى كۆزگە ئىلمىغاندەكلا ئىدى.

12 - ئاينىڭ بېشىدا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بىزنىڭ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنى پېچەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىمىزنى تەستىقلىدى ھەمدە بىزگە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى بارلىق چەت ئەللىك خادىملارنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ كۆك ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. قۇياش نۇرى قارلىق دالىنى چاقنىتىپ تۇراتتى، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنى قىرو قاپلاپ كەتكەنىدى. مەن ناشتا قىلىپ بولۇپلا بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ يولغا چىقتىم.

شەھەر بىناكارلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىنى ھازىرقى ئۈرۈمچى بىلەن ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر كوچىلىرى تار، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. كوچىنىڭ 2 قاسنىقىدا تەنزىكەشلەر تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار ئۈچىسىغا جۇۋا، پۇتىغا پىيما كىيىۋالغان بولۇپ، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان ھورلار قۇلاقچىسىنىڭ گىرۋىكىدە قىرو بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى كوچىنى بىر ئالغان بولۇپ، ئات - ئېشەك هارۋىلىرى ئېگىز - پەس كوچىلاردا سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى.

بىزدەك تولۇق قوراللانغان قوشۇننىڭ كوچىدا پەيدا بولۇشى ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇڭا بىز ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە بىر توپ كىشى ئەگىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ، بىزگە مەدەت بەرگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

ئۈچتاشنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە كۆزگە

www.ushurkitap.com

ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان 7 ـ 8 كورپۇس بىنا بار بولۇپ، تاملىرى سېرىق، ئۆگزىسى يېشىل ئىدى، بۇ بىنالار ئەتراپتىكى پاكار ـ پاكار ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئىدى (بۇ بىنالار ھازىرقى شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ـ زاۋۇتى قورۇسى ئىچىدە بولۇپ يېقىندا چېقىۋېتىلدى).

بىز يېتىپ كەلگەندە كونسۇلخانىنىڭ ئىشىكى مەھكەم ئېتىك ئىدى. بىز ئىشىكنى بىر ھازا چەككەندىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، خې رېنجىنىڭ يۇزىنىڭ يېرىمى كۆرۈندى، ئۇ بىزنى كۆرۈپ بىرئاز چۆچۈدى ۋە:

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟ ـ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا كىنىشكامنى كۆرسەتتىم، ئارقىدىنلا يولداشلارنى باشلاپ كونسۇلخانىغا كىردۇق. بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغاچقا، بىر مەھەل نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

بىز خې رېنجىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇردۇم ھەمدە تىنتىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتتىم. خې رېنجى دەسلەپتە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي، بىر دەمدىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ قېتىم بىز كونسۇلخانىنى پېچەتلەشتىن ئاۋۋال ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندۇق. 29 خىزمەتچى خادىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چىۋەر كىشىلەر بولۇپ ئىچىمىزدە ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى، دوختۇر ۋە سىمسىز تېلېگراف تېخنىك خادىملىرىمۇ بار ئىدى.

تىنتىش خىزمىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. تىنتىش نەتىجىسى چۈشتىن كېيىن مەلۇم بولدى:

خې رېنجىنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىدىن پولنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان سىمسىز رادىئو سايمانلىرى تېپىلدى، بىرنەچچە زاپچاسنىڭ كەملىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇشۇ سايمانلارنىڭ ئۆزىلا بىر تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى.

تام ئىشكاپ ئىچىدىن تىزىملاتماي يوشۇرۇپ قويۇلغان كارابىن مىلتىقتىن بىرى، ئادەتتىكى ئوق ۋە چاچما ئوقنى بىرلا ۋاقىتتا ئاتقىلى بولىدىغان قوش ستۇۋوللۇق ئوۋ مىلتىقىدىن بىرى، تاق ستۇۋوللۇق مىلتىقتىن 3 ى، 800 پايدىن ئارتۇق ئوق قاچىلانغان ئوق ـ دورا يەشىكىدىن 2 سى تېپىلدى.

تارتمىنىڭ تېگىدىن ھىندىستاننىڭ «α» ۋە «S» مەخپىي سىفىر دەپتىرىدىن بىرى تېپىلدى. يولداش تيەن رۇيۋۇ كىتاب جازىسىدىن تېبابەتچىلىككە دائىر بىر كىتابنى ئېلىۋىدى، ئىچىپ قارىساق زەھەرلىك دورا ياساشقا دائىر مەزمۇنلار سۆزلەنگەن 7 ـ 8 يەرگە خەتكۈچ قىستۇرۇلغانلىقىنى بايقىدۇق.

ئارقىدىنلا ھەرخىل چەكلەنگەن بۇيۇملار ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىشقا باشلىدى. 2 دانە دىنام (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدا تېلېگىراما يوللاش ـ قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا ئاپپاراتنى توك بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دىنام)، تېلېگىراما قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان كاۋاك نەيچىلىك 2 دانە رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، ھاۋا ئارمىيىسىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان 2 دانە ھاۋارايىنى ئاپتوماتىك ئۆلچىگۈچ، ماگنىتلىق ئايرىغۇچ ئورنىتىلغان 2 تال تېلېگراف ئانتېنىسى بايقالدى. قۇراشتۇرۇلغان تېلېگراف ئاپپاراتىدىن باشقا ھەممە زاپچاس تولۇق بولۇپ، قۇراشتۇرسىلا چەت ئەللەر بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى قىلىشقا بولاتتى.

بۇ چاغدا يولداش لى شۇتاڭ قېشىمغا كېلىپ بىر بىخەتەر ئىشكابىنىڭ قۇلۇپلۇق ئىكەنلىكىنى، تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن دەرھال:

—خې ئەپەندىم، ئاچقۇچىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز، ـ دېۋىدىم، ئۇ ھودۇقۇپ كېتىپ:

— ئاچقۇچ يۈتۈپ كەتكەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇنداقتا بىز ئىشكابنى چاقىمىز! ، ـ مەن شۇنداق دېگەچ قول ئاستىمدىكى يولداشلارنى بازغان تېپىپ كېلىشكە شەرەتلىدىم.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئەتە كەلسەڭلار قانداق،

بۈگۈن كەچتە ئاچقۇچ چوقۇم تېپىلىپ قالىدۇ.

مەن بىر قاراپلا خې رېنجىنىڭ ھىيلە - نەيرەڭنى بىلىپ يەتتىم.

— بولمايدۇ، بىر مىنۇت دەخلى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، باشلاڭلار!

بىر يولداش بازغاننى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە خې رېنجى:

— چاقماڭلار، ئاچقۇچ تېپىلدى، بىر ئوبدان نەرسىنى چېقىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دېگىنىچە يېنىدىن ئاچقۇچنى چىقاردى.

بىخەتەر ئىشكابنى ئاچتۇق، ئىشكاپتا ئالتۇن ۋە دوللاردىن باشقا خې رېنجىنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا دائىر دەلىل - ئىسپاتلا مانا مەن دەپ تۇراتتى. ئىشكابنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ بىر دانە تېلېگراف دەپتىرىنى تاپتىم، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلىرى ساپلا ئىككى بىلىق سۆزلەر يېزىلغان مەخپىي تېلېگراما خاتىرىلىرى ئىكەن. يەنە بىر دەپتەرنى ئېچىپ قارىسام 100 دىن ئارتۇق تېلېگراف مەزمۇنى خاتىرىلەنگەنىكەن، ئەمما ئېنى ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ئارقىدىنلا ئىشكاپتىن يەنە بىر مۇنچە ماتېرىيال ۋە خەرىتىلەرنى تاپتۇق. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل، ئۇرۇمچى ۋە قەشقەرلەرنىڭ تەپسىلىي يەر شەكلى خەرىتىسى 31 نۇسخا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى باش شتابى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ماتېرىيالى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە ماتېرىيالى، ئارمىيىمىزنىڭ 2 - كورپۇس مۇستەقىل پولكىنىڭ ئالتايدا ئالتۇن قازغانلىق ماتېرىيالى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئائىت ئانالىز دوكلاتى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى، مەھسۇلات مىقدارى، سانائەت - كانچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ماتېرىياللار بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلىرىگە چېتىلاتتى.

پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا خې رېنجى گەپ تېپىپ بېرەلمەي، ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مەن نەق مەيداندىلا خې رېنجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ھەرىكەت ۋە ئالاقە ئەركىنلىكىنى چەكلەش، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى ۋەتەن ساتقۇچلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جۇڭگولۇق 2 ئاخبارات خادىمىنى دەرھال قولغا ئېلىشنى جاكارلىدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خې رېنجى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ج خ كادىرلىرىمىزنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىز تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

ھازىر 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. جۇڭگو - ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاللىقاچان تارىخقا ئايلاندى.

بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇماي كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە تۈرلۈك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

دۇنيادىكى ئىشلار مۇرەككەپ، شۇڭا بىزنىڭ كاللىمىزمۇ مۇرەككەپرەك بولۇشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ھەرخىل مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرالايمىز.

شۇڭا مەن 38 يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتۇم.

1990 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

تەرجىمە مۇھەررىرى: غوپۇر غوشۇر نىيازى

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6 - دىۋىزىيىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربانى

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپان ۋادىسى شۇنىڭدەك جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ كېڭەيدى، نەتىجىدە قوراللىق قوشۇن بەرپا بولدى.

تۇرپاندا تەشكىللەنگەن بۇ قوراللىق قوشۇن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، جىن شۇرېننىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلدى. ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان تىركىشىشلەردىمۇ قەتئىي تىز پۈكمىدى. نەتىجىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي باشچىلىقىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا نىياز ھاجى تىنچلىق ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلدى، نەتىجىدە «جىمسار كېلىشىمى» ئوتتۇرىغا چىقتى، «بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشماسلىق، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغاندا بىر بىرىگە ياردەم قىلىش، تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈش» — ئەنە شۇ «كېلىشىم» نىڭ ماددىلىرىدىن ئىدى.

شۇ كېلىشىم بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلۇپ، خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدا «جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش باش قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجانىيازھاجى ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبقا ئۆتۈپ، كۇچا ۋە ئاقسۇلارنى مەركەز قىلغان ھالدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مەھمۇت مۇھىتىمۇ خوجانىيازھاجىنىڭ قوماندانلىقىدا دىۋىزىيە قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى.

ئاقسۇدىكى باي شىجاڭ دەپ ئاتالغان ئىسمائىل باي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى خوجانىيازھاجى سېپىگە قوشۇلۇپ مەلۇم مەزگىل قوشۇن تەركىبىدە ھەرىكەتلەندى، بۇ قوشۇنلارنى قورال - ياراغ ۋە مائاش بىلەن تەمىنلەشنى «كېلىشىم» بويىچە ئۈرۈمچى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈرۈمچى تەرەپ مەزكۇر قوشۇننى گەرچە قورال بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسىمۇ، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى ئۈرۈمچىدىن بېرىلگەنىدى. ئۈرۈمچىدە باستۇرۇلغان 20 تەڭگىلىك، 40 تەڭگىلىك قەغەز ئاقچىنىڭ جەنۇبقا تارىلىشى ئەنە شۇ مائاش بىلەن تەمىنلەشنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.

خوجانىيازھاجى قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قوراللانغان، ھەربىي مەشىقتە تەربىيىلەنگەن، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي مۇنتىزىم قوشۇنىغا قارشى مەلۇم مەزگىل ئېلىشقان بولسىمۇ، قوشۇن ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى نەتىجىسىدە، بۇ ئۇرۇشتا ئاجىز كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداپ قالالمىدى، بەلكى تۇڭگان 36 - دىۋىزىيىسىگە جەنۇبتىكى بىرمۇنچە جايلارنى تارتقۇزۇپ قويىدى، تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى نەتىجىسىدە، 1934 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە خوجانىيازھاجى ئۈرۈمچىدىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدى.

«جىمسار كېلىشىمى» دىكى ئۆزئارا ياردەم بېرىش ماددىسىغا ئاساسەن ئۈرۈمچى تەرەپ ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن يەكەن، مەكىت، مارالبېشى چۆللىرىنى كېزىپ ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە يېتىپ باردى.

ئەنە شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىگە ھاۋادىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئەۋەتكەن قوشۇنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، مارالبېشىغىچە سۈرۈپ كەلدى.

خوجانىيازھاجى جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھاپىزەت قىلىش باش قوماندانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلدى، شېڭ شىسەي كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خوجانىيازھاجىنى قارشى ئالدى.

قۇمۇللۇق ھامىدخان لۈيجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئېلىپ قېلىپ، باش قوماندانلىق شتابى قارىمىقىدىكى قالغان قوشۇنلىرىنى قوماندان مەھمۇت مۇھىتىغا تاپشۇردى.

شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى دۇبەن شېڭ شىسەي خوجانىيازھاجىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى بىر دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللىدى ۋە «6 ـ دىۋىزىيە» دەپ نام بەردى.

ئۇنىڭ تولۇق نامى: «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇقلۇق ئەسكىرى ئاتلىق قوشۇن ۋاقىتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسى» ئىدى①. دېمەك، بۇ دىۋىزىيە دەسلەپىدە ۋاقىتلىق دىۋىزىيە بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭغا تۇرپانلىق مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىققا تەيىنلەندى. بۇ دىۋىزىيە ئىككى بىرىگادا، تۆت پولكتىن ئىبارەت ئىدى. پولكلارنىڭ نامى 1 ـ پولك، 2 ـ پولك، 3 ـ پولك، 4 ـ پولك، بىر مۇھاپىزەت ئىسكادرونىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ 2500 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1 ـ بىرىگادىنىڭ باشلىقلىقىغا قۇمۇللۇق سالىھ دورغا، ئۆمۈر سىجاڭنىڭ بىرىگادىرى تۇرپانلىق توختى بەگ ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ تەيىنلەندى.

1 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق سەمەت ھاجى، 2 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق قۇربانىياز گاجىدى (كېيىن شاھىدىغا ئۆزگەرگەن)، 3 ـ پولكنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر ئارزۇھاجى ئوغلى، 4 ـ پولكنىڭ كوماندىرى تۇرپانلىق پولات بەگ ئىدى. 36 ـ دىۋىزىيە قوشۇنلىرى مارالبېشىدىن چېكىنگەندىن كېيىن 6 ـ دىۋىزىيە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

قوماندان مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لىيتېنات دېگەن ئۇنۋان بىلەن 6 ـ دىۋىزىيىنى باشلاپ 1934 ـ يىل 19 ـ ئىيۇل كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

دىۋىزىيىنىڭ باش شتابى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە تۇتاشقان سابىق «شەتەي يامۇلى» غا ئورۇنلاشتى. بۇلاردىن بىر پولك باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدىكى يېڭىشەھەر قورغانچىسى دەپ ئاتالغان ئورۇندىكى بۇرۇنقى ھەربىي گازارمىلارغا، بىر پولك شەھەر ئىچىدىكى سودا سارايلىرىغا②، بىر پولك يېڭىسار قەلئەسىگە، بىر پولك يەكەن كوناشەھىرىگە ئورۇنلاشتى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە، 1933 ـ يىللىرى تەشكىللىنىپ قەشقەردە قۇرۇلغان يەرلىك قوشۇنلاردىن «قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان زەيدىن كارۋاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، «ئاستىن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك ئاخۇننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ھەمدە بۇرۇن كىچىك ئاخۇننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، تۇڭگان ما فۇيۈەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆز قىسمىغا خائىنلىق قىلىپ تۇڭگانلار تەرىپىگە ئۆتۈۋالغان ئاتالمىش «پارتىزان ئەترەت قوماندانى» رىشتەمنىڭ بىر ئىززۇۋوت (پەي) ئەسكىرى قاتارلىق قوراللىق قوشۇنلار 6 ـ دىۋىزىيىگە قوشۇلۇپ، ئەسكەر سانى 3500 دىن ئاشتى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە قوشۇمچە «گارنىزون قوماندانى» لىق ئەمەلىگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. دىۋىزىيە باش قوماندانلىق شتابى 2 ـ قېتىمدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان «يېڭىشەھەر» قورغانچىسىغا جايلاشتى.

دىۋىزىيە باش شتابى 8 چوڭ باشقارمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار:

1. باش مەسلىھەت باشقارمىسى
2. ھەربىي سوت باشقارمىسى
3. كاتىبات باشقارمىسى
4. قورال ـ ياراغ باشقارمىسى
5. ھەربىي ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى
6. مۇھاپىزەتچىلەر باشقارمىسى
7. ھەربىي داۋالاش باشقارمىسى
8. ھەربىي ئات دوختۇرلۇقى باشقارمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىنكى ئېھتىياج قوشۇلۇپ تەرجىمانلار باشقارمىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا 8

www.uyghurkitap.com

باشقارمىدىن ئۆزگەرمىگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كېلىپ ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر گۇڭ جىڭخەن باشچىلىقىدا قەشقەر يېڭى شەھەرگە، لۇسىڭچۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك خەنزۇ ئەسكەر يەكەنگە ئورۇنلاشقانىدى.

مانا بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ دوتەي ما شاۋۇنىڭ رول ئوينىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قوشۇن ما خۇسەن باشچىلىقىدا خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاچقا، يەكەن شەھىرى ئازات قىلىنغانىدى.

6 ـ دىۋىزىيە تەركىبىدىكى قوراللىق قوشۇنلارنى يۇقىرىدىكىلەر «ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن، پارتىزان شەكلىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلار» دەپ قاراپ، ھەربىي ئىنتىزامدا تەربىيىلەشنى باھانە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇشاۋۇر تەكلىپ قىلدى، بۇ ھەربىي مۇشاۋۇرلار 3 كىشى بولۇپ، خەلق ئىچىدە «ساقاللىق گېنېرال» دەپ ئاتالغان رىبالكىن دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپسىز، باشباشتاقلىققا كۆنۈپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى ئىنتىزامغا كۆندۈردى، 2 ـ قەدەمدە ئوبوخوپ ئىسىملىك گېنېرال قوشۇننى زامانىۋى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن قوراللاندۇردى، 3 ـ قەدەمدە ئالماشقان گېنېرال دوتىكىن ئايىغى ياراشمىدىمۇ، كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى.

بۇ مۇشاۋۇرلار قوشۇننى ئۆزگەرتىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، مەلۇم كىشىلەرنى چەتتە تەربىيىلەش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، دىۋىزىيىدىن 5 كىشىنى 1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

بۇلار، 1. مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى قۇربان سەئىدى③، 2. مۇئاۋىن شتاب باشلىقى تۇرپانلىق سايىم ئاخۇن④، 3. دىۋىزىيە قورال ـ ياراغ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچىلىك ئابدۇللا ئەپەندى⑤، 4. 1 ـ پولكنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنى، توقسۇنلۇق مەسۇم داموللىنىڭ ئوغلى ئەخمەت مەسۇمى⑥، 5. 2 ـ پولكنىڭ كوماندىرى، تۇرپانلىق قۇربان نىياز گاجىدى⑦ لاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ 5 كىشى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇلار 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تاشكەنتتىكى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىشتى، كېيىنكى ئەمەلىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي مەكتەپنى «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» بىلەن تاماملىغانىدى. ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى، ھەربىي كۈچى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە قان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ 5 كىشى چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەلىم ـ تەربىيە روتىسى يۇمىلاق شەھەر قەلئەسى ئىچىدە كۇرس ئېچىپ بەردى، ھەر بىر پولكتىن خېلى كۆپ كىشى بۇ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەردىمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانىدى.

6 ـ دىۋىزىيىدە تەرەققىيات ئەنە شۇ تەرىقىدە تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي تەرەققىياتمۇ خېلى تېز راۋاجلانغانىدى.

1. مەھمۇت سىجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ سابىق گېنېرالى، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن لوبىن «گارنىزون قوماندانى» بولۇپ ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كەلدى ۋە گۇڭ جىڭخەندىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خوجانىيازھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 3 ماددىلىق «جىمىسار كېلىشىمى» دىكى بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش دېگەن ماددىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئالدىنقى قېتىمدا گۇڭ جىڭخەن ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن 2 پولك ئەسكەرنى بىرگە ئېلىپ كىرىپ قەشقەر ۋە يەكەنگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇ جەنۇبنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەمگە كەلگەنلەر دەپ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار «بىرلىكتە ئىدارە قىلىش» ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى،

شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گارنىزون قوماندانلىق ئورنى مۇئاۋىنلىققا چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇ شەكىل بارا - بارا تەرەققىي قىلدى، ئۈرۈمچى دىۋىزىيە شتابى ئورگىنىنى قىسقارتىپ گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قوشۇۋېتىشكە ھەمدە 6 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق 4 پولكنى 31 -، 32 -، 33 -، 34 - پولك دېگەن نامغا ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە بىۋاستە قارايدىغان پولك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ھەتتا «مۇستەقىل پولك» قىلىپ نامغا ئەۋەتتى، لېكىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۇ سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىۋىزىيە شتابى باش ئورگىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ شۆبىسى قاتارىغا قوشۇۋېتىلىپ، مائاش دەرىجىسى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى.

2. ئۈرۈمچىنىڭ غەمخورلۇقى تۈتۈپ كېتىپ، 6 - دىۋىزىيىنىڭ قوراللىرىنى زامانىۋى قورالغا ئالماشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى. لېكىن يېڭىنى ئېلىش ئالدىدا كونىسىنى پۈتۈنلەي تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاۋۋال ئالىمىز، ئاندىن تاپشۇرىمىز دېگەندە چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

3. 6 - دىۋىزىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى قانلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پېشقەدەملەر ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى.

قۇمۇللۇق سالىھ لۈيجاڭ، پازىل لۈيجاڭ (بۇلار قۇمۇلنىڭ دورغىلىرى ئىدى)، شايارلىق ھەمدەم بەگ ھاجى، تۇرپانلىق توختى (بۇلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ لۈيجاڭلىرىدىن ئىدى)، پولات تۇەنجاڭ قاتارلىق مەشھۇر سەركەردىلەر بىر - بىرلەپ چاقىرتىپ كېتىلىپ، مەمۇرىي خىزمەتكە قويۇلدى.

دىۋىزىيە باش شتابىدىمۇ باش مەسلىھەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى نىزامىدىن ئەپەندى، قورال - ياراغ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇلمۆمىن ھاجى، شتاب باشلىقى نەمىتۇللا خەلپەت، تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ ئاقسۇ بايلىق باشلىقى ئەييۇپ بەگ قاتارلىقلارمۇ ئورۇن بوشاتتى، مانا بۇ ھال قىسمىنىڭ يېڭىلىنىشىنىڭ ئاساسى بولغانىدى.

4. قىسمىنىڭ تەركىبىمۇ ھەربىر قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئۆزگىرىش ياساپ، بىر پولك 5 روتىدىن 4 روتىغا، بىر پولك 700 - 800 كىشىدىن 610 كىشىگە قىسقارتىۋېتىلدى، شۇنىڭدەك دىۋىزىيە شتابىنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەت ئىسكادرونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سىجاڭنى قوغدايدىغان مەخسۇس مۇھاپىزەت ئەترىتىدىكى 40 كىشى 10 كىشىگە قىسقارتىۋېتىلدى، قىسقارتىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىسىگە قايتقان بولسىمۇ، بىر قىسمى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 180 كىشىلىك، 2 شەھەردە تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھەر بىرى 50 كىشىدىن تەركىپ تاپقان 3 ئالاھىدە ئىنژۇت (بۇلار چېگرىنى قوغدايدۇ) قا قوشۇۋېتىلدى، 6 - دىۋىزىيە دەسلەپتە 5000 كىشىدىن تەركىپ تاپقان بولسا، كېيىنكى كۈنلۈكتە 4000 غا يەتمىگەن سان بىلەن بىر دىۋىزىيە نامىنى ئالغانىدى.

5. 1935 — 1936 - يىللىرى ھەرقايسى قىسىملاردىن پولك كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، روتا كوماندىرى، ئىنژۇت كوماندىرى ۋە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق رەھبىرىي كىشىلەر تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چاقىرتىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 3 - پولكنىڭ كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر ئاخۇن، 2 - پولكنىڭ 1 - مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قەشقەرلىك ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن⑧، مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھۇسەيىن⑨ ئاخۇن دېگەنلەر بار ئىدى.

6. 6 - دىۋىزىيە ئىچىدىن ئۈرۈمچىگە سېتىلغۇچىلار كۆپلەپ چىقىشقا باشلاپ قوشۇننىڭ ساپلىقى يوقىلىشقا، بىرلىكى پارچىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ گەۋدىلىكرەكى 1 - پولكنىڭ كوماندىرى ئابدۇسەمەت ھاجى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن 6 - دىۋىزىيە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن قاۋۇل، ياش، قەھرىمان، ئوت يۈرەك قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كېيىن ئۆزگىرىپ ھەتتا «سىجاڭلىق» تونىنى كىيىش ئارزۇسىدا بەزى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەردە بولدى. ئاقىۋەت ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بىر يۇرتلۇقى، سەبدىشى بولغان مەھمۇت مۇھىتىنى ئېتىپ

ئۆلتۈرۈش كويىدا بولدى، ئىتتىشقا بۇيرۇغان ئادىمى ھاجەتخانىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەھمۇت مۇھىتىنى ئىتتىشقىمۇ تەييارلانغاندى، لېكىن ئاتقۇچى ئىنساپ قىلىپ ئاتمىدى، بەلكى بۇ سىرنى پاش قىلدى. مەھمۇت سىجاڭ ئابدۇسەمەت ھاجىنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە ھەربىي قىسىمدىن خائىن، ساتقىنلار كۆپلەپ ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، بەزىلىرى يوشۇرۇن نازارەت ئاستىدا ھەرىكەتلەنگەن، بەزىلىرى جازاغىمۇ ئۇچرىغان بولۇپ، ئومۇمەن، مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىش دۈشمەنلەرنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى بولۇپ قالغانىدى.

---

ئىزاھلار:

① ۋاقىتلىق نام 1936 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلىپ تاشلىنىپ رەسمىي دىۋىزىيەگە ئايلانغان.

② بۇ پولك مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن شەھەرنىڭ شەرقىدىكى دۆڭباغ گازارمىسىغا يۆتكەلدى.

③ قۇربان سەئىدى — ئوقۇشتىن كېيىن دىۋىزىيە شتابىدا شتاب باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، تاغىسى مەھمۇت مۇھىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن پارچىلانغان 6 - دىۋىزىيەگە ۋاقىتلىق باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ مالىيە نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولغان. 1940 - يىلدىكى «ئۆزگىرىش» تە خائىن دەپ قولغا ئېلىنىپ، سوراق جەريانىدا يېگەن تاياق زەربىسىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان.

④ سايىم ئاخۇن — ئوقۇشتىن كېيىن باش مەسلىھەت باشقارمىسىغا باشلىق بولغان. 1937 - يىلنىڭ باشلىرىدا يەكەندىكى 2 - پولكقا باشلىق بولغان، بۇ كىشى مەھمۇت مۇھىتىغا قارشى تەشكىلاتچىلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىنىپ مەھمۇت سىجاڭ قاچقان كۈنى يەكەندە ئۆز لېيەنجاڭى قولىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان.

⑤ ئابدۇللا ئەپەندى — ئوقۇشتىن كېيىن بىر مەزگىل باش مەسلىھەت باشقارمىسىدا ئىشلەپ، 1936 - يىلى 2 - پولكقا باشلىق بولۇپ، قوشۇنى بىلەن يەكەنگە ئالماشقان، ئۇ يەردە مەخپىي تەشكىلاتچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ شايكا تويلىغانلىقتىن مەھمۇت سىجاڭ ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇپ قېلىپ، شايكىلىرى بىلەن بىرگە ما خۇسەننىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان، ئۈرۈمچى تەرەپ ما خۇسەندىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەتكەن. ئابدۇللا ئەپەندىنى ئۈرۈمچى تەرەپ بىر مەزگىل ئوبدان باققاندىن كېيىن، 1937 - يىلى قوزغالغان ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەترەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ كۇچا ئەتراپلىرىدا ئۆز خەلقىنى قىرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، كېيىن تۈرمە ئاستىدا «مېھمان» بولغانىدى.

⑥ ئەخمەت مەسۇمى — تاشكەنتتىكى تەربىيىنى تۈگىتىپ سەمەت ھاجىنىڭ 1 - مۇئاۋىنى بولۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، ئۇ يەردە مەلۇم مەزگىل ئوقۇدى، ئوقۇشتىن 1937 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇ سەمەت ھاجىنىڭ ئورنىغا پولكوۋنىك بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھاردۇق ئالماستىن ئۆز خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى ۋە ئۈرۈمچىگە بەرگەن ۋەدىسىگە بىنائەن، مەھمۇت سىجاڭدەك «ئەنگلىيە ۋە ياپونلارغا سېتىلغان خائىن» نى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقىتىشتا ئاجايىپ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بۇ قۇرغان «جەننىتى» پەقەت ئىككى يىللا ئەسقاتتى. 1938 - يىلى ئاپرىلدا «ئايروپىلان تاماشاسى» غا چىققانچە ئۆزىنى ئۈرۈمچىدە كۆردى، ئەخمەت مەسۇمى پۇت - قولى زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە تاشلاندى، ئىپتىشلارغا قارىغاندا تۈرمىدە ساراڭ بولۇپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەنمىش.

⑦ قۇربان نىياز گاجىدى (ياكى شاھىدى) — ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ ئەخمەت مەسۇمى بىلەن بىرگە كەلگەن بولۇپ، ئەتىسىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا پولك كوماندىرى سۈپىتى بىلەن چىقىپ، 4 - پولكتىكى خىزمىتىنى قولىغا ئالدى، شېڭ شىسەي ئالدىدا بەرگەن قەسەم - ۋەدىلىرى بويىچە ئىشلەپ، مەھمۇت مۇھىتى «ئاينىغان» كۈنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي بىت - چىت قىلىپ، ئۈرۈمچىگە زور خىزمەت كۆرسەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە بىر پۈتى ناكا بولدى. چاقىرىق بويىچە قۇربان سەئىدى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە قايتىپ، ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، كېيىن 1940 - يىلدىكى ئاتالمىش بۇزۇق تەشكىلات ئەزاسى دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ھەرخىل سوراق، قىيىن - قىستاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خىزمىتى بەدىلىگە تۈرمە ئاستىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتى.

⑧ غوپۇر تۆەنجاڭ بىلەن ئابدۇشۈكۈر تۆەنبۇ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشتىن قۇربانىياز، ئەخمەتلەر بىلەن بىرگە قايتىپ كەلگەن

(ئاخىرى 60 - بەتتە)

# قەشقەردىكى خان جەمەتى ۋە بەگلەر

## XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي يۇرت

ساۋادا مىنورۇ

**مۇقەددىمە:**

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئويرات قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەر كۆچۈپ، چاغاتاي خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان. موغۇلىستان خان جەمەتىدىكى خانلار مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە يەتتە سۇ يايلاقلىرىدىن تارىم بوستانلىقلىرىغا كۆچتى. ئۇلار تۇرپان رايونى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن بولسىمۇ، 1514 - يىلى قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن سەئىدخاننىڭ ئەۋلادى، يەنى قەشقەر خان جەمەتى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپانغا بېسىپ كېلىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنى ئاساسەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەرخان جەمەتى ياركەنتنى مەركەز قىلغان غەربىي خان جەمەتى ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي خان جەمەتى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. شەرقىي خان جەمەتىدىن بولغان ئابدۇللاخان XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي خان جەمەتىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ياركەنتكە بېسىپ كېلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي يېرىمىنى ئىگىلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن 30 يىلدەك تەختتە ئولتۇرۇپ، تارىختىكى قەشقەر خانلىرى ئىچىدە ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەن خان دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي يۇرتتا، قەشقەر خان جەمەتى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىدىكى قەشقەر خوجىلىرى ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان دەپ قارىلىدۇ①. ئەمما، ئىككى تەرەپ سىياسىي كۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بۇ ماقالىدە قەشقەر خان جەمەتىنىڭ سىياسىي كۈچى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىمەن. يەنى راكۋېت (G. Raquette) ئەپەندى تونۇشتۇرغان ئاتالمىش «ۋەقفنامە» نى ئابدۇللا خاننىڭ ئوغلى چىقارغان يارلىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سىياسىي تارىخقا پاكىت قىلماقچىمەن.

بۇ يەردە ماقالەمنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيالى بولغان شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا فازىل جۇراسنىڭ «تارىخ» ② دېگەن ئەسىرىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا توختالماقچىمەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ نەقىل ۋە قىسمەن تەرجىمىلىرىدىن③ بىلگەن بولساقمۇ، تولۇق پايدىلىنالمىغانىدۇق. يېقىندا ئاكىمۇشكىن ئەپەندى تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە تولۇق تەرجىمىسى بىلەن شەرھىسىنى ھەم ئەسلى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ پايدىلىنىشىمىزغا قولايلىق ياراتتى④. «تارىخ» تا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرقى يىل چېكى ئابدۇللا خاندىن ئىككى ئەۋلاد كېيىنكى ئىسمائىل خان دەۋرى يەنى ھىجرىيە 1080 - يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1670 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) («تارىخ» 99 - بەت) دۇر. ئاكىمۇشكىن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا



www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەر 1673 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1776 ـ يىلى يازغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان⑤. ئاپتورى مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالدا ئېنىق ئېيتىلغاندەك («تارىخ» 9 ـ بەت) شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا فازىل جۇراستۇر. ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر بىرەر نەرسە بىلمىسەكمۇ، ئۇ XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا تۇغۇلۇپ، 70 — 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ياركەنتتە ۋاپات بولغان⑥ دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى مىرزا فازىل ئابدۇللاخان تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن خاننىڭ پائالىيىتىگە ھەمدەم بولغان. خان دەۋرىدە ئۇلۇغ قانات قۇشبېگى ۋە ئۇچبېگى⑦ ۋە بارچۇق ھاكىمى بولغان («تارىخ» 63 ـ، 64 ـ، 70 ـ، 71 ـ بەتلەر). يۇقىرىدىكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئاپتور شاھ مەھمۇت بۇ ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئابدۇللاخان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. يەنى «تارىخ» مەزكۇر خان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى كۆزىتىشتە بىزنى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاساسەن ئېنىق ئەمەس (ئابدۇللاخان دەۋرىگە ئائىت تۆت ئىشنىڭ ۋاقتى ئېنىق يېزىلغان)، شۇڭا پايدىلانغاندا دىققەت قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

## 1. 1662 ـ يىلدىكى يارلىق

بۇ ماقالىدە پايدىلانغان «يارلىق» راكۆبېت ئەپەندى تونۇشتۇرغان يارلىق⑧ تۇر. ئۇ كونسۇل پېتروۋسكى دەۋرىدىكى روسىيىلىك بىر ئاقساقالدىن قالغان كىتابلار ئارىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1914 ـ يىلى راكۆبېت ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشكەن⑨. راكۆبېت ئەپەندى بۇنى ۋەقفىنامە دەپ چۈشىنىپ قالغان. مۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى يوق⑩. ف. گەيس ئەپەندى ھۆججەتنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ترانسكرىپسىيىسىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ، تولۇق تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدۇرۇپ راكۆبېتنىڭ يەشمىسىنى تەنقىت قىلغان⑪. ئارقىدىنلا ئا. ك. بورروۋكوف ئەپەندى بۇ ھۆججەتنى خاننىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سۇيۇرغال قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «يارلىق» دەپ كۆرسەتكەن⑫.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ يارلىقنى چىقارغۇچى، يارلىق چىقىرىلغان ۋاقىت، ئورۇن ۋە يارلىق مەزمۇنىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن. راكۆبېت ئەپەندى ئېلان قىلدۇرغان فوتو نۇسخىنى «يارلىق» دەپ ئاتىغان.

«يارلىق» نىڭ ئىككىنچى قۇرىدىكى⑬ «ھەزرەتى خان دادام يارلىقىدىن ئوبۇلغازى يولبارس باھادۇرخان سۆزۈم»⑭ دېگەن جۈملە بىلەن «يارلىق» نىڭ 3 ـ قۇرىغا قارىغاندا چوڭ قىلىپ يېزىلغان. بۇ «يارلىق» نىڭ چىقارغۇچىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، بۇ نۇقتا ۋ. ۋ. بارتولد بايقىغان «سىغناقنامە»، «تارىخىي ئەمىنىيە» دە خاتىرىلەنگەن «يارلىق»⑮، بىز كېيىنچە بايان قىلماقچى بولغان شەيبانىيلار خانى ۋە ئابدۇلەتىفنىڭ يارلىقىنىڭ تېمىسىدىن قارىغاندىمۇ شۇبھىسىزدۇر. يەنە ئۇ ھۆججەتلەردىكى تېمىلار باشقا يارلىقلاردا⑯ «سۆزىمىز ـ سۆزىمىز» دەپ ئاخىرلاشقان بولسا، بۇ يارلىقتىكى «سۆزۈم» سۆزى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان دەپ قارايمەن. يەنە ۋەسىقىنىڭ كىچىك تېمىسىدىكى «سۆزۈم» سۆزى مەزكۇر يارلىقنى چىقارغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغىلا ئۇلانغان⑰. شۇ سەۋەبتىن يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى «ئوبۇلغازى يولبارس باھادۇرخان غازى» دەپ قارىلىدۇ. يەنە راكۆبېت ئەپەندى يارلىق بېسىلغان ئىككى يەردىكى ئوخشاش يۇمىلاق تامغىنىڭ خېتىنى «يولبارس باھادۇرخان بىن. . . ئابدۇللاخان» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ⑱. فوتو نۇسخىسىدا بۇ خەتلەر ئوچۇق بولمىغاچقا، بۇ تامغىلارنى يارلىق چىقارغۇچىنى ئىسپاتلايدىغان تامغا دېيىش مۇۋاپىقراق، شۇڭا، «ھەزرەتى خان دادام يارلىقىدىن» دەپ ئېنىق ئىپادىلەنگىنىدەك بۇ يارلىق «ھەزرەتى خان دادام يارلىقى» غا ئاساسەن ئوغلى چىقارغان يارلىقتۇر.

ئەمدى يارلىق چىقىرىلغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى مۇقىملاشتۇرۇۋالايلى، يارلىق تۆۋەندىكى سۆز بىلەن ئاخىرلاشقان: «مۆھۈرلۈك نىشانى ئالى شان تارىخ مىڭ يەتمىش ئۈچ، ئات يىلى سەفەر ئېيى

دارىلسەلتەنە كاشغەر ۋىلايىتىدە بىتىلدى»[19]. يەنى بۇ يارلىق ھىجرىيە 1073 - يىلى سەپەر ئېيى (مىلادىيە 1662 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە توغرا كېلىدۇ) دا قەشقەردە چىقىرىلغان.

راكۇېت ئەپەندى يارلىقنىڭ مەزمۇنىنى قەشقەر بەشكېرەم كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى سەيفۇللا بەگ قاتارلىق شەخسلەرگە ۋەخپە قىلىشقا بۇيرۇغانلىق توغرىسىدىكى يارلىق بولسا كېرەك دەپ چۈشەنگەن[20]، لېكىن گەيس ئەپەندى بۇنداق شەرھىلەشنى ئىنكار قىلىپ، سەيفۇللا بەگ ۋەخپە قىلغۇچى بولماستىن، سۇ ۋە يەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ[21]. گەيسنىڭ ئېيتقانلىرىنى بوروۋكوف ئەپەندى قۇۋۋەتلەيدۇ[22]، ياربالىغ ئۆستەڭدىن بىر ئېرىق سۇ سۇيۇرغال قىلدۇق ۋە تەقى بىر قىتئە يەرئى مەئلۇم ئەل ھۇدۇد ۋە ئەل فەۋاسىل كى ئەبەن ئەن جەددىن مۈلكى كېلىپ تۇرۇر، تاقى مۈلۈكلىكىنى قەبۇل قىلىپ ۋە مۇسەللەم تۇتۇپ (ۋەخفە قىلىپ) بەردۇك»[23] دېيىلگەن. راكۇېت ئەپەندىنىڭ شەرھىسىدە خاتالىق بار. كەمىنە گەيس بىلەن بورووكوف ئەپەندىنىڭ شەرھىسىنى قۇۋۋەتلەيمەن. يەنە يار بالىغ قەشقەر (تۈمەن) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بەشكېرەم ئەتراپىدىكى يارباغلىغ (يارباغلىق) بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىنىدۇ[24].

سۇيۇرغاللىقتا ئېرىشكۈچى بۇ شەخسنىڭ ئىسمىنى گەيس ئەپەندى «سەيفۇللا بەگچۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان، ئاخىرقى سۆز «چۇر» نى نام - ئاتاق دەپ چۈشەنگەن[25]. گەيس ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، يارلىقنىڭ 11 - قۇرىدىكى «سەيفۇللا بەگ» كە ئۇلىشىپ كەلگەن سۆزنىڭ CHWRAS دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى ئېنىق. فۇئاد كۆپرۈلۈ بىلەن بورووكوف ئەپەندى بۇ سۆزنى «جۇراس» دەپ ئوقۇپ كىشى ئىسمىنىڭ بىر قىسمى[26] دېگەن. مەنمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيمەن. چۈنكى، جۇراس موغۇللارنىڭ بىر كۆچمەن قەۋمى بولۇپ، جۇراس قەۋمىدىن بولغانلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى پائالىيىتىنى مانوئېيجى ئەپەندى ئايدىڭلاشتۇرغان[27]. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەيفۇللا بەگ جۇراس بولۇشى كېرەك. بۇ شەخسنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمەن.

ئاخىرىدا يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى بولمىش «ئوبۇلغازى يولبارس باھادۇرخان غازى» نىڭ تارىخي ئورنى ھەققىدە توختىلىمەن. ئىككىنچى بابتا مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس يارلىق چىقىرىلغان 1662 - يىلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. يارلىق چىقارغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭمۇ يولبارس بولۇشى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ يولبارسنىڭ نام - شەرىپىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ يەردە سېلىشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغىنى شەيبانىيلار خانىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، ئابدۇلەتىف خان 1544 - يىلى چىقارغان خوجا ئەھرارنىڭ ئەۋلادىغا مال - مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقتۇر. ئابدۇلەتىفنىڭ نامى مەزكۇر يارلىقتا «ئوبۇلغازى ئابدۇلەتىف باھادۇرخان»[28] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق ئاتاش يۇقىرىدا بايان قىلغان يارلىقنىڭ تېمىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ[29]. يارلىقتىكى يولبارسنىڭ نام - شەرىپىمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. شۇ سەۋەبتىن، يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى قەشقەر خان جەمەتىدىن ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغاندەك راكۇېت ئەپەندى تونۇشتۇرغان 1662 - يىلىدىكى يارلىق ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس قەشقەردە چىقارغان يارلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يارلىقنىڭ مەزمۇنىدا سەيفۇللا بەگ جۇراس قاتارلىق شەخسلەرگە زېمىن، سۇ سۇيۇرغال قىلىش، يەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى بېكىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يارلىق ئەينى چاغدىكى قەشقەر خان جەمەتىنىڭ قانۇنىي نوپۇزى بىلەن شۇ نوپۇزدىن كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلغان بەگلەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەمدى «يارلىق» چىقىرىلغان چاغدىكى قەشقەر خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمەن.

www.uyghurkitap.com

## 2. ئابدۇللاخاننىڭ سەلتەنىتى

1) ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى

ئابدۇللا 4 ـ ئەۋلاد قەشقەر خانى مۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنىتىدىن باشلاپ چالىش (قاراشەھەر) بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇاتقان ئابدۇرېھىم خاننىڭ چوڭ ئوغلىدۇر («تارىخ» 61 ـ بەت).

ئابدۇللا 7 يېشىدىن باشلاپ مىرزا ئوبۇلھادى دېگەن كۆسەن ھاكىمىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا لەشكەر تارتقان («تارىخ» 54 ـ، 61 ـ، 62 ـ بەتلەر).

مۇھەممەت خاننىڭ چەۋرىسى سۇلتان مەھمۇتخان ياركەنتتىن ئاقسۇدىكى ئابدۇللاغا قوشۇن تارتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ھىجرىيە 1045 ـ يىلى (مىلادى 1635 — 1636 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەتخان ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە ئولتۇرغان («تارىخ 62 ـ بەت).

ئابدۇللا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ سۇلتان ئەھمەتخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئاقسۇغا قايتقان بولسىمۇ، تۇرپاندىن 2 ـ ئىنىسى ئوبۇل مۇھەممەتنى ئاقسۇغا چاقىرتىپ كېلىپ، بىرلىكتە قەشقەرگە قوشۇن تارتقان («تارىخ» 62 ـ، 63 ـ بەتلەر). سۇلتان ئەھمەدخان كۆپ سانلىق ئەمىرلىرىنىڭ ئابدۇللاغا يان بېسىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بەلخكە قېچىپ بېرىپ جانى خانلىقىنىڭ خانى ئىمام قۇلى خاننىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقاندا، ئەنجانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن («تارىخ» 63 ـ بەت).

ئابدۇللا بولسا سۇلتان ئەھمەتخان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ياركەنتكە كىرگەندە، قەشقەر خوجىلىرىدىن خوجا مۇھەممەت يەھيانىڭ㉚ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرغان («تارىخ» 63 ـ، 64 ـ بەتلەر)، بۇ ھىجرىيىنىڭ 1048 ـ يىلى (مىلادى 1638 — 1639 ـ يىللىرى) دىكى ئىش.

(2) قەشقەردىكى يولبارس بىلەن خوتەندىكى ئىبراھىم

ئابدۇللا خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن قەشقەر، يېڭىھىسار، ئاقسۇ، ئۈچ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىغ قول، خوتەن، خوتەننىڭ قاراقاش بازىرى قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەگلەرگە ۋە ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرگەن. «تارىخ» تا ئابدۇللاخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

(ئابدۇللاخان) قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سۇبھان قۇلى بەگكە بەردى. مىرزا شاھىد جۇراسنى يېڭىھىسارنىڭ ھاكىملىقىغا ئەۋەتتى. ئاقسۇنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا ئابدۇساتتار بەگكە تاپشۇردى. ئۈچنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا كۆچەك جۇراسقا بەردى. بۇرانغار بىلەن سارىغ قولنى مىرزا شەھباز جۇراسقا تاپشۇردى. ھەزرىتى ئىبراھىم سۇلتاننى خوتەن مەملىكىتىنىڭ سەلتەنىتىگە تەيىنلىدى. مۇھەممەتمەنسۇر بەگنى ئۇنىڭ ئاتالىقى (ئۇستازى) قىلدى. ئەرەب بەگنى قاراقاش بازىرىغا ئەۋەتتى («تارىخ» 64 ـ بەت).

ئابدۇللانىڭ 3 ـ ئىنىسى («تارىخ» 61 ـ بەت) ئىبراھىمنىڭ خوتەن مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى توغرىسىدا تولۇقلىما قىلمىسا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكىنى سۇبھانقۇلى بەگ بولسىمۇ، ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى («تارىخ» 61 ـ بەت) يولبارس توغرىسىدا مەزكۇر تارىخي ماتېرىيالدا «(يولبارس) 8 يېشىدا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ بېكىتىلىپ، قەشقەردە 30 يىل تۇردى» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. يولبارسنىڭ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىنى دادىسى ئابدۇللانىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلانغان، دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سۈرۈشكە ئامالسىزمىز. يەنە يولبارس دادىسى ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، تاغىسى ئىسمائىل بىلەن ئۇرۇشۇپ، ياركەنتنى قولغا كىرگۈزۈپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرغان («تارىخ» 93 ـ بەت). شۇ سەۋەپتىن يولبارس قەشقەرنى ئىدارە قىلغان 30 يىل ئابدۇللاخاننىڭ تەختتىكى مەزگىللىرىگە (1638 — 1639 ـ يىلىدىن 1668 ـ يىلغىچە) توغرا كېلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئابدۇللا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۇبھانقۇلى بىلەن يولبارس ئىككى كىشى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. «تارىخىي كاشغەر» گە ئاساسلانغاندا㉛ سۇبھانقۇلى يولبارسنىڭ ئاتالىقى (ئۇستازى) بولۇپ قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىكەن.

(3) ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى ۋە ئىنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە ئابدۇللاخاننىڭ تەختتىن چۈشۈشى

ئىبراھىمنىڭ خوتەننى، يولبارسنىڭ قەشقەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئابدۇللاخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بېرىلگەن بولسىمۇ، ئابدۇللاخان سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يولبارس بىلەن ئابدۇللاخان ئارىسىدا ئىچكى نىزا پەيدا بولغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىركىشىشىدىن ئابدۇللاخان تەختتىن چۈشكەنگىچە بولغان جەرياننى تونۇشتۇرىمەن.

ئىبراھىم قىرغىزلارغا لەشكەر تارتقاندا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىش چوڭ ئاكىسى ئابدۇللانى ئەنسىرىتىپ قويغان. ئابدۇللاخان ئىبراھىم بىلەن 4 ـ ئىنىسى («تارىخ» 61 ـ بەت) ئىسمائىلنى قوغلاپ چىقىرىش يارلىقىنى چىقارغان. نەتىجىدە ئىككى قېرىنداش چوڭ ئاكىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن خوتەندىن چالىشقا ئاتلانغان («تارىخ» 68 ـ، 69 ـ بەتلەر).

«تارىخ» تا بۇ ۋەقەنىڭ ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، بۇ ۋاقىت تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلگەن. «خان تىنجىتقان ۋاسسال موڭغۇل ـ ئۇيغۇر بەگلىرى تەزكىرىسى» نىڭ 110 ـ جىلدىدا شۇنجى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 ـ يىلىدىكى مەلۇماتتا ياركەنت توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن كېپەك قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئابدۇرېھىمخان㉜ نىڭ توققۇز ئوغلى رەت تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىلگەن ۋە ئىبراھىمنىڭ خوتەندە تۇرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كېپەكنىڭ سۆزى شۇنجى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادى 1655 ـ يىلى) دىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بەرگەنلىككە قاراپ، ئىبراھىم خوتەندىن قوغلانغان ۋاقىتنى 1655 ـ يىللاردىن كېيىن دەپ قارايمىز㉝.

## قەشقەر خان جەمەتىنىڭ قىسقىچە نەسەبى




ئىبراھىم خوتەندىن قوغلانغاندىن كېيىن قالماقلار بىلەن ئۇچراشقان. ئابدۇللا يولبارس بىلەن نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئاتباشىغا كېلىپ قالماقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، ئىبراھىم يېلداڭ تايشىنىڭ ئوغلى چۈجىكىن بىلەن ئاقسايدا ئابدۇللاخان ئاتا ـ بالىغا قارشى تۇرغان («تارىخ» 78 ـ، 79 ـ بەتلەر).

شۇندىن كېيىن، ئىبراھىم ئۇكىسى ئىسمائىل بىلەن چالىشتا تۇرغان بولسا كېرەك. ئىبراھىمنى قېچىشقا مەجبۇر قىلغان ئابدۇللاخان چالىش، يۇلتۇزلارغا قوشۇن تارتقان، لېكىن ئىبراھىم، ئىسمائىل ئاكا ـ ئۇكا بىلەن سېرېڭ، يېلداڭ تايشى قاتارلىقلار ئابدۇللا ۋە ئوغلى («تارىخ» 72 ـ بەت) نۇرىددىننىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇللاخان ئاتا ـ بالىنى مەغلۇپ قىلغان («تارىخ» 79 ـ، 81 ـ بەتلەر). خوتەندىن قوغلانغان ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئاكا ـ ئۇكىلار چالىش، يۇلتۇز تەرەپلەردە قالماق يېلداڭ تايشى ۋە سېرېڭنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن ئابدۇللاخانغا تەھدىت سالغان كۈچكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەمدي قەشقەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان يولبارس بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ ئىركىشىشىگە نەزەر سالماي بولمايدۇ. 1666 ـ يىلى يولبارس دادىسى ئابدۇللاغا قارشى غەليان كۆتەرمەكچى بولغان، ئۇ چاغدا كېرىيىگىچە بولغان خوتەن مەملىكىتى يولبارسنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللاغا سۇيۇرغال قىلىنغان بولۇپ، بارچۇق بىلەن سارىغقولمۇ يولبارسقا تەۋە ئىدى. ئابدۇللاغا بولسا ياركەنت شەھىرىدىن باشقا تەسىر دائىرە قالمىغان («تارىخ» 86 ـ بەت) ئىدى. يولبارس ئابدۇللاخاننى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىمەن، دېگەن مەزمۇندا ياركەنتتىكى بەگلەرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

خەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بەگلەر دەرھال ماسلاشماي، ئەكسىچە بىر قىسىم بەگلەر ئابدۇللاخانغا خەۋەر بېرىپ قويغان. نەتىجىدە، ئابدۇللاخان 1666 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەھلى ـ جامائەتنى يىغىپ، يەكشەنبە كۈنى ياركەنت شەھىرىدىكى چارسۇدا تىنى بەگ بىلەن نەقى بەگ ئىككى بەگنى قەتلى قىلغان. دۈشەنبە كۈنى يولبارسنىڭ قىزى خانزادە خانىمنى ئۆلتۈرگەن. خوتەندىكى ئەبەيدۇللاغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن («تارىخ» 86 ـ 87 ـ بەتلەر).

يولبارسنىڭ دادىسى ئابدۇللاخانغا قارشى غەليانى ئابدۇللانىڭ تىنى بەگ، نەقى بەگلەرنى ھەمدە يولبارسنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ بارغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارغا نەزەر سېلىشتىن ئىلگىرى، غەليانغىچە بولغان ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىخلىنىش جەريانىنى تونۇشتۇرىمەن.

بۇ زىددىيەت جۇڭغارلاردىن سىنگې كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەيدا بولغان. ئاۋال كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان:

سىنگې غالدامانىڭ㉞ قەشقەرنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ 5000 تالالانغان باتۇرى بىلەن كېرىيىگە كەلدى. خۇدايبەردى بەگ كېرىيىنىڭ ھاكىمى بولۇپ خانغا (ئابدۇللا) كىشى ئەۋەتتى. بىراق، ئۇ دۈشمەننىڭ سىنگې ياكى باشقا بىرسى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. (ئابدۇللا) خان ياركەنتتىكى لەشكەرلەر بىلەن ئەمىرلەرنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەبەيدۇللا سۇلتان خوتەن لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەندىن يولغا چىقتى («تارىخ» 84 ـ بەت)، سىنگې خوتەن قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىۋېلىپ كېرىيىنى تاشلاپ قاچتى. ئابدۇللاخان بىلەن قەشقەردىكى يولبارس كېرىيىگە جىددىي يۈرۈش قىلىپ، خوتەن لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ نىيىغا قوغلاپ كېلىپ، سىنگېغا قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ جەڭنى ئاخىرلاشتۇردى («تارىخ» 84 ـ، 85 ـ بەتلەر).

«تارىخ» تا كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا خوتەندىن زەربە بېرىشكە چىققان ئەبەيدۇللانىڭ نامىلا تىلغا ئېلىنغان. «تارىخ» تا: «يولبارس خاننىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «(ئابدۇللاخان) ئەبەيدۇللا سۇلتاننى خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىگەن» («تارىخ» 82 ـ بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، باشقا يەردە يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەبەيدۇللانىڭ ئۆلۈمىگە ئۇلاپلا: «ئەبەيدۇللانىڭ سەلتەنىتى 4 يىل 3 ئاي بولۇپ 18 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» («تارىخ» 87 ـ بەت) دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالدا يەنە ئۇنىڭ خوتەندىن ئۆزگە باشقا جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزنا ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى خوتەننى 4 يىل 3 ئاي ئىدارە قىلغان دېيىش خاتا ئەمەس. ئەبەيدۇللا ھىجرىيىنىڭ 1076 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 1072 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا، يەنى 1662 ـ يىلى 2 ـ 3 ـ ئايلار دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئىلىم ساھەسىدە سىنگېنىڭ كېرىيىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى 1662 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلاردىن كېيىن، 1666 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن بۇرۇن دەپ قارىلىدۇ.

سىنگېگە قايتۇرما زەربە بەرگەندە ئابدۇللاخان بىلەن يولبارس ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغان. «سىنگېگە قارشى يۈرۈش قىلغاندا (ئابدۇللا) خان بىلەن ئوغلى (يولبارس) ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. بۇ ۋەقە يولبارس خاننىڭ㉟ (ئابدۇللاخاندىن) مىرزا تىنى بەگكە ياركەنتنىڭ ھاكىملىقىنى، نەقى بەگكە ئىشىك ئاغىلىقىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىدىن بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن («تارىخ» 85 ـ بەت). بۇ ئىلتىپاقسىزلىقتا سەۋەبچى بولغان تىنى، نەقى بەگلەر يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، يولبارس دادىسى ئابدۇللاغا قارشى غەليان پىلانلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن. يولبارسنىڭ غەليانغىچە بولغان دادا ـ بالىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تىركىشىشى ئىككى بەگكە ياركەنتنىڭ ھاكىملىقى بىلەن ئىشىك ئاغىلىق مەرتىۋىسىنى مەرھەمەت قىلىشنى چۆرىدىگەن

زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان، دەپ ھېسابلىغان ياخشىراق.

ئاتا - بالىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى قەشقەر خوجا جەمەتىگە ئىككى تەرەپنىڭ تەسىر كۈچىنىمۇ ئاشكارىلىغان. يولبارس خوجا مۇھەممەت ئابدۇللاغا[36] ھۆرمەت قىلمىغان («تارىخ» 85 - بەت)، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە يولبارسنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى مىرزا ئوبۇلھادى مەكرىتىنىڭ قىزى شاھزادە ماھىمنى ئافاق خوجىغا ياتلىق (نىسبەتكەرد) قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇرت بولغان[37]. «تەزكىرەتۇل جاھان» دا: «يولبارس خان دادىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۇردى. خوجا مۇھەممەت يۇسۇف بىلەن خوجا ئافاققا ناھايىتى ھۆرمەت بىلدۇرەتتى»[38] دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا، يولبارس ھۆرمەت قىلمايدىغان خوجا مۇھەممەت ئابدۇللاخان ئۇچىنچى ئىنىسى ئىبراھىم، تۆتىنچى ئىنىسى ئىسمائىلغا قارشى يۇلتۇز، چالىشلارغا يۇرۇش قىلغاندا، ئابدۇللاخانغا ھەمسەپەر بولغان («تارىخ» 79 - بەت). كېيىن يولبارسقا قارشى قەشقەرگە لەشكەر تارتقان پەيتتىمۇ، مەزكۇر خوجا بىلەن بىرگە بولغان.

يولبارسنىڭ غەلىيان پىلانىدا 1666 - يىلى 4 - ئايدا دۇشمەن ھېساپلانغان تىنى بەگ بىلەن نەقى بەگلەر بىلەن يولبارسنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنى قەتلى قىلغان. ئابدۇللاخان ئاقسۇدىن نۇرىددىننى چاقىرتىپ كېلىپ قەشقەردىكى يولبارسقا قوشۇن تارتقان. يولبارس ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۆزىنىڭ يېقىن ئەمىرلىرىنى نۇرىددىننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزى يېرىم كېچە بولغاندا قەلئەدىن چىقىپ قالماقلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر مەملىكىتى نۇرىددىنغا سۇيۇرغال قىلىنغان («تارىخ» 88 - بەت). بۇ سۇيۇرغالدىن كېيىن ئابدۇللاخان يولبارسقا قارشى كېرىيە ئەتراپىغا لەشكەر تارتقان. قالماقلاردىن سىڭگىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن يولبارس دادىسىنى چېكىندۇرگەن[39]. نۇرىددىن ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. قەشقەردىكى قىپچاق ۋە چوڭ باغىش[40] قەبىلىلىرى بىلەن قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يولبارس ئۇچۇرتۇنىڭ[41] ياردىمىدە قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتكەن («تارىخ» 90 - بەت).

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاخان يولبارسنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشمىغان. يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، شەرقتىكى چالىش، يۇلتۇز تەرەپلەردىكى ئاكا - ئۇكا ئىبراھىم، ئىسمائىللار قالماقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چوڭ ئاكىسى ئابدۇللاخاننىڭ ھەربىي كۈچىنى بېسىپ چۈشەلىگۈدەك كۈچلىنىپ قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇللاخان قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ، مەككىگە سەپەر قىلىشقا تەييارلىنىپ 2000 غا يېقىن قىرغىز لەشكىرىنى يولبارسنى ئىز قوغلاشقا ئەۋەتىپ، ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىققان («تارىخ» 90 -، 91 - بەتلەر). ئۇ كەشمىردىن ئۆتۈپ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى ئەۋرەڭزىبنىڭ تەۋەيىگە يېتىپ كەلگەن چاغ ھىجرىيىنىڭ 1078 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 8 - كۈنى (مىلادى 1668 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) دۇر[42].

(4) بىرىنچى باپتا مۇھاكىمە قىلغان «يارلىق» تىكى «ياربالىغ» ئۆستەڭنىڭ بىر ئېرىق سۈيىنى سۇيۇرغال قىلدۇرۇپ، يەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرغان سەيفۇللا بەگ جۇراسنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورنى توغرىسىدا توختىلىمەن. بۇ شەخس «تارىخ» تا نەزىرىمىزگە چېلىقىدۇ. شاھ مەھمۇت جۇراس بۇ قوشۇن تارتىش بىلەن قەشقەردىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە چىققان ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەيدۇ: نۇرىددىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئابدۇللاخاننىڭ سەردارلىرى بىلەن بىرلىكتە قىزىلنىڭ يولىغا (ياركەنتتىن) ئاتلاندى. (ئابدۇللا) خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزان (خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا)[43] ئاستىنقى يول بىلەن ئاتلانغانىدى. قەرىيەي سىگقا كەلگەندە دەرۋىش مۇھەممەت ياساۋۇلنى بىرقانچەيلەن بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈۋەتتى. قەشقەردىن مىرزا ئەلى شاھ بەگچەك، مىرزا سەيفۇللا جۇراس،

www.uyghurkitap.com

يامغۇرچى بەگ ساغرىچى قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر بىرلىكتە نۇرىددىن خاننىڭ يولىنى توسۇپ، ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى نۇرىددىنغا يەتكۈزدى («تارىخ» 88 ـ بەت).

قەشقەردىن نۇرىددىننىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىچىدە مىرزا سەيفۇللا جۇراس دېگەن شەخسنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. شەخس ئىسمى بىلەن قەبىلە نامىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن ۋاقىت، ئورۇن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ شەخس 1662 ـ يىلى 9 ـ 10 ـ ئايلاردا قەشقەردە چىقىرىلغان «يارلىق» تىكى سەيفۇللا بەگ جۇراس بىلەن بىر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. يەنە ئالدىنقىغا «بەگ» ئاتىغى قوشۇلمىغان. ئالدىنقىسى بىلەن ئىسمى بىرگە ئاتالغانلىرىدىن مىرزا ئەلى شاھ بەگچەك، «تارىخ» نىڭ باشقا يېرىدە ئەلى شاھ بەگچەك، ئەلى شاھ بەگ دەپ ئاتالغان («تارىخ» 95 ـ بەت). بۇ يەردە بەگ ئاتىغىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئىش. «تارىخ» تىكى جۇراس، بەگچەك دېگەندەك قەبىلە نامى، كىشى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان «بەگ» ئاتىقىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا دائىر مىساللارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ بولغىلى بولمايدۇ.

«تارىخ» تا سەيفۇللا جۇراس توغرىسىدا شۇندىن باشقا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى نامەلۇم. 1662 ـ يىلى چىقىرىلغان يولبارسنىڭ «يارلىق» ىدىكى بىر ئېرىق سۇنى سۇيۇرغال قىلدۇرۇپ يەر ـ زېمىنىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىشى بىلەن ئابدۇللاخان، نۇرىددىن ئاتا ـ بالىنىڭ ھۇجۇمىغا يولبارسنىڭ قەشقەردىن چىقىپ قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكى بىر رېئاللىق، سەيفۇللا بەگنىڭ يولبارسنىڭ قەشقەردىكى قانۇنىي نوپۇزى ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يولبارس بىلەن ھەربىي جەھەتتە بىرلەشكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ ھەم «يارلىق» نىڭ كۈچىنىمۇ دەلىللەپ بېرەلەيدۇ.

**خۇلاسە**

كەمىنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەگ ئاتىقى بىلەن باشقا ئاتالغۇلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق نەزەردىن ساقىت قىلىنغان 1662 ـ يىلىدىكى «يارلىق» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنى «تارىخ» تىن پايدىلىنىپ دەلىللەپ چىقتىم. ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردۇم.

ئابدۇللاخاننىڭ «يارلىق» ى بويىچە ئۇنىڭ ئوغلى يولبارس چىقارغان «يارلىق» ئەينى چاغدىكى قەشقەرخان جەمەتىنىڭ قانۇنىي نوپۇزىنىڭ ئەمەلىيلىكىنى كونكرېت ئىپادىلىگەن. «يارلىق» تىن ئىقتىسادىي جەھەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشكەن سەيفۇللا جۇراس قاتارلىق بەگلەر يولبارسقا ھەربىي جەھەتتە تۆھپە كۆرسەتكەنلىك ئەمەلىيىتى، خان جەمەتى ھوقۇقىنى يۆلەپ تۇرغان جەمئىيەت ئاساسىنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق پەرەز قىلدۇرىدۇ. سىياسىي تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «يارلىق» چىقىرىلغان ۋاقىت يولبارس ئابدۇللاخاندىن يۈز ئۆرۈشتىن نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئاكا ـ ئۇكا ئىبراھىم، ئىسمائىللارنىڭ قالماقلار بىلەن ئۇچراشقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

«يارلىق» نىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تولۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمىدىم، شۇڭا يارلىققا كاپالەت بېرىلگەن بەگلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتىنى ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئاھالىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① ساگۇچى تورۇ «تۈركىستاندىكى خانلىقلار» (يېڭى نامى لېكسىيىلىرىنىڭ «دۇنيا تارىخى» قىسمى) 13 ـ توم، يېڭى نامى نەشرىياتى 1971 ـ يىلى نەشرى، 70 ـ بەت. 5 ـ ئىزاھ، مانو ئېيجى «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» كودان (سۆھبەت) نەشرىياتى 1977 ـ يىلى نەشرى، 192 ـ، 193 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

② شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى، 1976 ـ يىلى سابىق س س س ر ئالىمى ئاكىمۇشكىن تەرىپىدىن

روسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «خرونىكا» (يىلنامە) دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان.

③ ۋ. پ. يۇدىن «موغۇلىستان موغۇللىرىنىڭ قەبىلە تۈزۈلۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ قازاق ۋە باشقا قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» (قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى) ئالمۇتا، 1965 - يىل 3 - سان، 52 -، 65 - بەتلەر؛ «قازاق خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» XV — XVIII ئەسىرلەر» ئالمۇتا، 1969 - يىل نەشرى، 369 -، 385 - بەتلەر.

④ «شاھ مەھمۇت بىن مىرزا فازىل جۇراسنىڭ يىلنامىسى» (باھا، تېكىست، تەرجىمە، بايان، تەتقىقات ۋە كۆرسەتمە) ئو. ف. ئاكىمۇشكىن. موسكۋا 1976 - يىلى نەشرى؛ شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىنى ئاكىمۇشكىن تەھقىقلىگەن تېكىستتىن نەقىل ئالغانلىقىم ئۈچۈن ماقالەمدە مەزكۇر كىتابنىڭ نامى ۋە بەت سانى روسچە نەشرى بويىچە بېرىلدى. يەنە مەزكۇر ئەسەرنى خونداجىسسىن، خامادا ماسامى، خورى گاۋاتورۇ ئەپەندىلەردىن تەركىپ تاپقان «جۇراس تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان. كەمىنە «جۇراس تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» گە ئەزا بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرى بولمىش ئەپەندىلەرنىڭ نۇرغۇن تەلىملىرىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

⑤ ئاكىمۇشكىن: 63 -، 64 - بەتلەر.

⑥ ئاكىمۇشكىن: 42 -، 43 -، 59 -، 60 - بەتلەر.

⑦ گ. راكۋېت: «قەشقەردىن تېپىلغان بىر ۋەقفنامە ۋە غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار» لۇند ۋە لېيزىگ 1930 - يىلى، نېمىسچە نەشرى.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 3 - بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب 4 -، 6 - بەتلەر.

⑩ فرېدگەيس: قەشقەردىن تېپىلغان بىر ۋەقفە ھۆججىتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار» غا ئىزاھ (ۋېنگرىيە يىلنامىسى). 6 - توم، 3 - باب. بېرلىن ۋە لېيپزىگ 1931 - يىلى نەشرى، 345 - 346 - بەتلەر، نېمىسچە.

⑪ ئا. ك. بورووۋكوف: «1812 - يىلى قەشقەردىن تېپىلغان ۋەقفە ھۆججىتى» (1959 - يىللىق قەدىمكى يادىكارلىقلار يىلنامىسى) 1960 - يىلى موسكۋا 345 -، 346 - بەتلەر.

⑫ «يارلىق» نىڭ ئۈستۈنكى ئوڭ بۇرجىكىگە «ھەزرىتى سۇلتانغا» دەپ، شۇ سۆزنىڭ ئاستىغا، «شاھانە، خۇسرەۋانە، بىز» دەپ يېزىقلىق. بۇ سۆزلەرنىڭ يارلىقنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق (راكۋېت 7 -، 8 - بەتلەر).

⑬ «يارلىق» نىڭ تەرجىمىسىدە راكۋېت «دادام» سۆزىنى «ئاتا» دەپ، گەيس «بوۋام» دەپ تەرجىمە قىلغان. مەن راكۋېتنىڭ تەرجىمىسىنى قوللايمەن (گۇننار ياررىڭ «شەرقىي تۈركچە — ئېنگلىزچە لۇغەت» لوندون 1964 - يىلى 79 - بەت) بۇ مەسىلە ھەققىدە مانو ئېيجى ئەپەندىنىڭ تەلىمىگە ئېرىشكەندىم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

⑭ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىمدىن خاتىرە» (ئەسەرلەر توپلىمى) 8 - توم. موسكۋا، 1973 - يىلى نەشرى 199 -، 203 - بەتلەردە «سىغناقنامە» نىڭ تېكىستى بىلەن شەرھىسىنى ئېلان قىلغان. ۋ. پ. يۇدىن بۇنى روسچىغا تەرجىمە قىلىپ، «قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار XV — XVIII ئەسىرلەرنىڭ 317 -، 319 - بەتلىرىگە كىرگۈزگەن. بۇ ھۆججەت «تارىخىي ئەمىنىيە» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ پېللىئوت ئەپەندى تەتقىق قىلىپ ساقلىغان نۇسخىسىنى خامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ ھىممىتى بىلەن مىكرو كوپىيىسىدىن كۆپەيتىۋالدىم. بۇ يەردە رەھمەت ئېيتىمەن.

⑮ ئو. د. چېخوۋىچ: «XV — XVI ئەسىرلەردىكى سەمەرقەند ھۆججەتلىرى»، موسكۋا 1974 - يىلى نەشرى، 37 - بەت.

⑯ 14 - ئىزاھتىكى ترانسكرىپسىيىگە قاراڭ.

⑰ راكۋېتنىڭ ئەسىرى، 9 - بەت.

⑱ «يارلىق» نىڭ 22 - قۇردىكى راكۋېت ئەپەندىنىڭ تەھقىقلىگەن تېكىستى، 16 - بەت.

⑲ راكۋېتنىڭ ئەسىرى 3 -، 4 - بەتلەر.

⑳ گەيسنىڭ ئەسىرى 281 -، 283 - بەتلەر.

㉑ بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 - بەتلەر

㉒ «يارلىق» نىڭ 14 -، 15 - قۇرلىرى، بورووۋكوفنىڭ كۆرسەتكىنىدەك «ۋەقفە قىلىپ» دېگەن سۆز ئوخشاش بولمىغان قەلەم بىلەن يېزىلغاچقا، كېيىنكىلەر ئۆزگەرتكەن دەپ قارىلىدۇ (بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 - بەت)، «ئۆستەڭ» بىلەن «ئېرىق» قا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردىن خورى سۇخائۇنىڭ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ ئىنشائاتى XIX — XX ئەسىرلەردىكى ياركەنت» (ئوتىمائې قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتى ماقالىلىرى)، 1980 - يىللىق 14 - سان 74 -، 75 - بەتلەرگە قاراڭ.

㉓ راكۋېتنىڭ ئەسىرى 22 - بەت.

㉔ گەيسنىڭ ئەسىرى 280 - بەت.

㉕ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «راكۋېتنىڭ ئەسىرى» ۋەقفىلەر ژۇرنىلى، ئەنقەرە.
1938 - يىلى 1 - سان 159 - بەت. بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 - بەت.

㉖ مانو ئېيجى: «موغۇلىستان» (شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى) توكيو 1978 - يىلى نەشرى؛ 34 - سان، 47 -، 51 -، 59 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



㉗ ئو. د. چېخوۋچىنىڭ ئەسىرى؛ 37 ـ، 38 ـ بەتلەر.
㉘ شۇ كىتابنىڭ 311 ـ بېتى.
㉙ 14 ـ ئىزاھتىكى ترانسكرىپسىيىگە قاراڭ.
㉚ ئو. ف. ئاكىمۇشكىننىڭ 211 ـ بەتتىكى رۇسچە تەرجىمىسىگە قاراڭ. يەنە ئۇنىڭ «لەقەب» ى خوجا شادى بولۇپ، ئۇ خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىڭ 3 ـ ئوغلىدۇر. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1055 ـ يىلى/مىلادى 1645 — 1646 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان («تارىخ» 70 ـ بەت).
㉛ ئاكىمۇشكىننىڭ تەرجىمىسىدىكى 278 ـ ئىزاھقا قاراڭ. 309 ـ بەت.
㉜ «خانىدانىمىز مۆتىۋەرلىرى يوللىغان مەلۇماتلاردىن تۈنجى توپلام» 1 ـ جىلد.
㉝ خانىدا ئاكىرا: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت — شۇ دەۋردىكى ئىسلام تارىخىغا نەزەر» (شەرق تارىخى تەتقىقاتى 1942 ـ يىلى 12 ـ بەت) ساگۇچى تورۇ: «چاغاتاي خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى» (شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ سىڭىشىش تارىخى، 1975 ـ يىلى يۇزان كاكۇ نەشرىياتى 367 ـ بەت.
㉞ كېيەكىنىڭ سۆزىدىكىدەكلا، «ئابدۇلئەھمەتخان تۇرپاندا بولۇپ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلگەن»، ئەھمەتخان، يەنى ئوبۇل مۇھەممەتخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 1066 ـ يىلى، مىلادى 1655 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 1656 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ («تارىخ» 76 ـ بەت). بۇ ئىككى ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، بۇ يەردە قايسىنىڭ توغرىلىقىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.
㉟ خوشۇتتىكى ئوچۇرتۇچېچېن خاننىڭ ئوغلىدۇر (ئاكىمۇشكىننىڭ تەرجىمىسى 316 ـ بەتتىكى 323 ـ ئىزاھقا قاراڭ).
㊱ «تارىخ» تا خان دەپ ئاتالغان شەخسلەر تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىمۇ خان دەپ ئاتىلىۋېرەتتى.
㊲ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدىكى 233 ـ بەتكە قاراڭ، يەنە ئۇ خوجا مۇھەممەت يەھيانىڭ چوڭ ئوغلىدۇر («تارىخ» 70 ـ بەت).
㊳ «ئەنسۇتتالىبىن» ئاكىمۇشكىن تەھقىقلىگەن تېكىست، 339 ـ بەت.
㊴ «يولبارس خان ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، گۇستاقلىق قىلىۋېردى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇف بىلە خوجا ئافاقغا بىسيار ئىززەت ـ ئىكراملار قىلىۋېردى»، بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىسىنى خامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ ھىممىتى بىلەن مىكرو كوپىيىسىدىن كۆپەيتىۋالدىم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. يەنە «تەزكىرەتۇل جاھان» ئاتالمىش «تەزكىرەئى خوجىگان» (ياكى «تەزكىرەئى ئەزىزان») دېگەن رەسمىي نامى بار ئەسەردۇر. خامادا ماسامى: «ئىسلام ئەۋلىيالىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتى» (شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى) توكيو 1978 ـ يىلى نەشرى 90 ـ بەت.
㊵ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 227 ـ بەت.
㊶ ئاكىمۇشكىننىڭ ئەسىرى 318 ـ بەت، 334 ـ ئىزاھقا نەقىل ئېلىنغان «تارىخى كاشغەر».
㊷ قىپچاق بىلەن چوڭ باغىش قىرغىز قەۋمىدۇر. م. ئا. سالاھىدىنوۋا: «مۇھەممەت سادىق كاشغەرى ئەسەرلىرى» — «تەزكىرەئى خوجىگان» (قىرغىز تارىخى مەنبەلىرى)، قىرغىز س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى. 1 ـ توم. فرۇنزى. 1959 ـ يىلى 98 ـ بەت.
㊸ تەھقىقلەنگەن تېكىستتە AJWRTW دە خاتىرىلەنگەن. چىمىتدورجىيېۋ ئەپەندى بۇ شەخسنى خوشۇتتىكى ئوچۇرتۇ (چېچېن) خان دەپ قارايدۇ. ش. گ. چىمىتدورجىيېۋ «X Ⅶ — X Ⅷ ئەسىرلەردىكى موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى» موسكۋا. 1979 ـ يىلى نەشرى 13 ـ بەت. ئېھتىمال ئوخشاش دەپ بېكىتىش دۇرۇس بولسا كېرەك.
㊹ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 318 ـ بەتتىكى 338 ـ ئىزاھقا قاراڭ. «ئالەمگىرنامە» كالكۇتتا، 1868 ـ يىلى نەشرى 1064 ـ، 1065 ـ بەتلەر.
㊺ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 236 ـ بەتكە قاراڭ.
㊻ شىمادا جوھېي «خوجىلار دەۋرىدىكى بەگلەر» («شەرقشۇناسلىق» ئىلمىي ژۇرنىلى 3 ـ سان. 1952 ـ يىلى نەشرى 71 ـ، 74 ـ بەتلەر). «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى جان بېجى» («تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى») 61 ـ نومۇر، 11 ـ سان. 1952 ـ يىلى نەشرى 36 ـ بەت، 11 ـ ئىزاھ) كوبوتا بۇنجى «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىگە دائىر كۆز قاراشلىرىم — ساگۇچى تورۇ ئەپەندىنىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە» (تارىخ ئېقىمى» 71 ـ سان 1960 ـ يىلى نەشرى 37 ـ، 43 ـ بەتلەر) ساگۇچى تورۇ «X Ⅷ — X Ⅸ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، يوشى كاۋا كوۋبۇن نەشرىياتى 1963 ـ يىلى نەشرى 117 ـ، 118 ـ بەتلەر.

(قوشۇمچە) بۇ ماقالەم 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ياشلار ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، شىمالىي قۇرۇقلۇق ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا ئېغىزچە ئوقۇپلا ئۆتكەنىدىم. جەمئىيەت ئىشتىراكچىلىرى بولمىش ئەپەندىلەر مەنپەئەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

«ماچېكانى ياما مەجمۇئەسى (تارىخ قىسمى)» 1981 ـ يىللىق 15 ـ ساندىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىكى türk yočul bodun ھەققىدە

ل. يۇ. تۇگۇشېۋا

ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان قەدىمكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردا سۆز بىرىكمىسى — türk — yocul — bodun بىر قېتىم، يەنە كېلىپ پەقەت بىرلا قېتىم «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دە ئۇچرايدۇ. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى مەزكۇر ئەسەر مىلادى VIII ئەسىردە توخار تىلىدىن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» خۇددى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇددا مايترىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن ۋە بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى رىۋايەتلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، türk — yočul — bodun بىرىكمىسى بۇ ئەسەردە تۆۋەندىكى شەكىلدە كۆزگە چېلىقىدۇ: antan ozup [qurtu] lup burhanlar bālgürmādük ōdtā tōrt türlüg tirin quvraɤ yoq ōdtā türk yočul bodun buqun ar alpin āmgākin kiṣi aẓuninta toɤar. (تەرجىمىسى: ئۇ يەردىن ئۆزاپ قۇتۇلۇپ بۇرخانلار تېخى كۆرۈلمىگەن ۋاقىتتا، تۆت تۈرلۈك ئەل - جامائەت تېخى يوق ۋاقىتتا، تۈرك يوچۇل بودۇن قەۋمى جاپا - مۇشەققەتلىك كىشىلەر دۇنياسىدا قايتا تۇغۇلار).

شىناسى تېكىن بۇلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش ئارقىلىق بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي تىل مەنىسىنى ساقلاپ قالغان مۇستەقىل سۆز بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ش. تېكىننىڭ ئىزاھلاشلىرىغا ئاساسلانغاندا، «türk» سۆزى مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەندە، «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، قاتتىق» دېگەن مەنىگە ئىگە؛ «yočul» تۆۋەن (دەرىجە) ؛ تار، ئارقىدا قالغان» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى يېقىن كېلىدىغان پېئىل «očul» (كەينىدە قېلىپ قالماق) ۋە «očun» (قورقماق) دېگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئىكەن.

بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى ھەرقايسى سۆزلەر ھەرقانچە قىلغاندىمۇ ئومۇمىي مەنىگە ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سۆزنىڭ كونكرېت تارىخى قەۋم ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى خەلقلەر ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقان تېررىتورىيىسى مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بويىچە ۋە تېكىستنى تۈزگۈچىنىڭ پىكرىچە بولغاندا، «راھەت - پاراغەتلىك»، «مەدەنىيەتلىك» ئالەمنىڭ سىرتىدا ئىدى. «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» تىكى مەزكۇر سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنا مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش، ئومۇمەن ھازىرچە بىز ئېرىشكەن ماتېرىياللار سەۋەبىدىن مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئىزاھلىنىشىغا قارىتا ماھىيەت جەھەتتە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك بەزى بايانلارنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى VI بابىدا ئاشۇ سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ:

ortun il ulus basinčliɤ bolti türk yočul bodun ārtirü ayamlig bolti in ču handin bārü nāng olarni amirtqur ɤali kōntürgāli bolmadi.

(تەرجىمىسى: ئوتتۇرىدىكى مەملىكەت پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى. تۈرك يوچۇل خەلقى پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتتى، يىن - جۇ سۇلالىلىرىدىن بېرى ئۇلارنى بويسۇندۇرغىلى ۋە كۆندۈرگىلى بولمىدى).

www.uyghurkitap.com


türk yočul bodun ārtiŋü kōtrülti üstünki il uluslar tōrüsin ičqinti

(تەرجىمىسى: تۈرك يوچۇل خەلقى بەكلا كۆتۈرۈلدى ‹قۇدرەت تاپتى›، يۇقىرىقى ئەل ـ مەملىكەتلەرنىڭ بۇيرۇق پەرمانلىرىنى رەت قىلدى).

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دىن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىدە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبى ۋە تەرتىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مەزكۇر سۆز بىرىكمىسى شەكىل جەھەتتىن مۇقىم بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە، يەنە كېلىپ مەيلى قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇقىم سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، ئۇ ھامان تىل تەركىبى ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنالىرىدىن ھالقىپ كەتمىگەن، ئەمما تىل ئادىتىدە مۇقىملاشقان ۋە بىرنەچچە قوشۇمچە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى روشەن بولمىغان، ئەمما مەۋجۇت بولۇۋاتقان سېمانتىكىلىق تەركىبلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن كونتېكىستنى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە ئاساسلانغان خەنزۇچە ئەسلى ئورىگىنالنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسى تۆۋەندىكى كونتېكىستتا كەلگەن:

...kim bu tvɤač [i]li tumşuqluɤ—qa soqturɤali: [ta]rmaqliɤ—qa tartdurɤali: ür [ki]č bolmiş ārdi biş ilig—lār ...ɤali umadi: üč xan—lar ...dɤali küči yitmādi: ōtrü [laɤ]ki baliq qodi sačlɤ—lar —niŋ ...qsi bolti: qutluɤ čuu—nan [t]āgiri oq baş—liɤ—lar—niŋ [ō]rtgüni bolti: örtün il ulus ...ksiz basinč—liɤ bolti: türk [y]očul bodun ārtiŋü ayam—lig [bo]lti: inču xan—din bārü nāŋ [o] larni amirtqurɤali kōntürgāli bolmadi: qačan xan vudi atlɤ xan—qa tāgdükdā tolp süü sin tābrātip qamaɤ küčin [ōn]türüp qatiɤlanti antaɤ qilti [ārsār] ymā t (ā)k baliq—niŋ ulus—nuŋ čibiq—in yapirɤaqin... («شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» VI باب 43 ـ بەت 8 ـ 27 ـ قۇرلار).

(تەرجىمىسى: «... دەۋرلەردىن بۇيان تابغاچ ئېلى تۇمشۇقلۇققا چوقۇتتى (سوقتۇردى)، تىرناقلىققا تارتتۇردى. بەش ھۆكۈمران (ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا) قادىر بولالمىدى، (ئۇلارنى يېڭىشكە) ئۈچ خاننىڭ كۈچى يەتمىدى. نەتىجىدە لاغكى شەھىرى ئۆزۈن چاچلىقلارنىڭ (ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ) قالدى. قۇتلۇغ چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئەتراپى (يا) ئوقلىرى ۋىژىلدايدىغان (ئەسلى خەنزۇچە مەنىدە ‹ئوقلار تۈگىمەستىن كېلىپ تۇرىدىغان›، دالاغا ئايلىنىپ قالدى. ئوتتۇرىدىكى مەملىكەت پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى. تۈرك يوچۇل خەلقى پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتتى، يىن، جۇ سۇلالىلىرىدىن بېرى ئۇلارنى بويسۇندۇرغىلى ۋە كۆندۈرگىلى بولمىدى. قاچان خەن ۋۇدى ئاتلىق خانغا كەلگەندە، ئۇ پۈتۈن قوشۇنىنى تەۋرىتىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئۇيغۇتۇپ قوشۇن تويلىدى، شۇنداق قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ شەھەر ۋە ئۇلۇسنىڭ ئازلا بىر قىسمى (بىرلەشتى؟)»).

مەنبەلەردىن مەلۇمكى، تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋر يىن ۋە جۇ سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1600 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ـ يىلغىچە) بىلەن ئوخشاش، توغرىراقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XII ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئارىلىق جۇڭگونىڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق رەقىبى بولغان ھۇنلارنىڭ دۆلەت قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپقان دەۋرى ئىدى. يەنە شۇ مەلۇمكى، ئىمپېراتور خەن ۋۇدى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 80 ـ يىلغىچە) ھۇنلار بىلەن بولغان كۈرەش بەكمۇ كەسكىن تۈس ئالغانىدى. ۋۇدى كۆپ قېتىم ھۇنلار دۆلىتىگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن زىيان تارتتى، ئاقىۋەت ھۇنلارنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئۇلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىزگە مەلۇملۇق باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» ئىنچام ۋە ئەمەلىي ھالدا، تابغاچلارنىڭ ھۇنلارغا قارشى مەيدانىنىڭ رېئال تارىخىنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى

بىلەلەيمىز. يۇقىرىدا قىسقىغىنە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھۇنلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار خەنزۇچە ئەسلى تېكىستتە «شيوڭنۇ/خۇننۇ» ( 匈奴 ) دەپ ئاتالغان؛ ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا بولسا ئەمەلىي ھالدا، «خۇننۇ» ئاتالغۇسىنىڭ تەڭداش ئېتنونىمى سۈپىتىدە سۆز بىرىكمىسى «türk—yoc̆ul—bodun» ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن بۇ خىل شەكىلنىڭ پەۋقۇلئاددە ھادىسە ئەمەس، بەلكى دائىملىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز.

تارىخىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، تابغاچلار بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلدى ۋە «قۇتلۇق شەھەر چاڭئەننىڭ ئەتراپى ئوقلار ۋىژىلدايدىغان دالاغا ئايلانغان» دەۋرلەرمۇ بولدى، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئوقيا — ھۇنلارنىڭ ھەربىي قوراللىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى. بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «türk—yoc̆ul—bodun» سۆزى رىۋايەتلەردىكى خەلقنى ئەمەس، بەلكى تارىختا ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان خەلق — ھۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتىن «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغان تەركىب — «تۈرك» سۆزىدۇر. Ⅷ — Ⅺ ئەسىرلەردىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردا «تۈرك» سۆزى كۆپلىگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك. 2) ئېگىز نۇقتا، چوققا. 3) خەلقنىڭ نامى. 4) ئۆلچەملىك، دېئالېكتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تىلنىڭ نامى (مەسىلەن: سۆز بىرىكمىسى «تۈرك تىلى»). بۇ سۆز «بودۇن» بىلەن بىرىككەندە يۇقىرىقى ئۈچىنچى مەنىدىكى سۆزگە ئايلىنىدۇ ۋە قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان ھەمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن «تۈرك» ئېتنونىمى بىلەن تەڭداش سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ئەسلى تېكىستتىكى ئاتالغۇ ۋە يەر ناملىرىنىڭ، يۇكسەك دەرىجىدە توغرا تەرجىمە قىلىنغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستتە بېرىلگەن يەر ناملىرىنىلا ئەمەس، شەكىللىك بەلگىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەنگەن نامىلارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى، شۇنداقلا ئەسلىدىنىلا تەرجىمىسى بار ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان نامىلارنىمۇ ناھايىتى جايىدا ۋە توغرا ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مەسىلەن: tamirqapiɤ ۋە isiɤkōl قاتارلىقلار. ئالاھىدە سېمانتىكىلىق مەنىلەرنى ۋە ئۇقۇملارنى توغرا ئىپادىلەش مەقسىتىدە شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ يەنە نۇرغۇن جايلاردا ئىزاھلىق تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن: «ئوقلار توختاۋسىز رەۋىشتە كېلىپ تۇرىدىغان» نى «ئوقلار ۋىژىلدايدىغان» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇمۇ تەرجىماننىڭ ھۇنلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىن ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئىسپاتلىغاندەك، ھۇن ھۆكۈمرانى باتۇر ئىجاد قىلغان «دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ» سالغۇچى ئوقيا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىلغاندا قاتتىق ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئوقلىرى ھەقىقەتەنمۇ سۆڭەكنى تېشىپ ئۆتەلەيتتى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى نۇرغۇنلىغان مىساللار تەرجىماننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىغا چېتىلىدىغان كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن بەكمۇ تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلماقتا. مەسىلەن: تېكىستتىكى مەلۇم بىر بۆلەكتە شۈەنزاڭنىڭ زامانداشى بولغان تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ «شىمالدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشىغۇچى» كۆچمەن خەلقلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى ۋە ئاخىرقى جەڭ ئارقىلىق سان - ساناقسىز ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار ئەسلى خەنزۇچە تېكىستتە «شەنيۇ (تەڭرىقۇت—ت) نىڭ قەۋمى ۋە ئاتلىق مەرگەنلەر» دەپ بېرىلگەن، ئەمما شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ بۇنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ، «قىرغىزلار ۋە ئاتلىق مەرگەنلەر» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئاتالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقنىڭ نامى كونكرېت ئىپادىلەپ بېرىلگەن. يەنە ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

قۇرلاردىكى ئەسىرلەر ھەققىدىكى بايانلارغا «خۇددى ياقۇتتەك پاك - پاكىز» سۆزى قوشۇمچە قىلىنغان ۋە «تىنچ ئاھالىنى ھەيدەپ چىقاردى» دېگەننى ئەسكەرتىشنى زۆرۈر، دەپ قارىغان. ئەسلى تېكىستكە قىلىنغان بۇ قوشۇمچە بايانلار ئاپتورنىڭ ئاشۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى پاكىتلار بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئاشۇ تەڭسىز مۇناسىۋەتلەردىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلماقتا.

دېمەك، شىنقۇ شەلى تۇتۇڭنىڭ ئومۇمىي تەرجىمە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان türk—yočǔl—bodun بىرىكمىسى ئارقىلىق «شيۈڭنۇ» (ھۇن) ئىبارىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بارلىقىغا گۇمان قىلغۇدەك ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ.

مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆز مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ تۇرغۇچى «yočǔl» دېگەن سۆز «تۈرك» دەپ ئاتىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كونكرېتلاشتۇرغۇچى ئىبارە «yočǔl» نى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئاشۇ بىر بۆلۈك ئېتنىك گۇرۇپپا بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ سۆزنىڭ «كۆچمەنلەر» چوڭ ئائىلىسىدىكى بىر ۋەكىلىنىڭ نامى سۈپىتىدە كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«yočǔl» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بۇ خىل يەكۈن بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شەكلىدىن قارىغاندا، «yočǔl» سۆزى تۆر جەھەتتىن ئارقا قوشۇمچە «l -» نىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ئېنىقلىغۇچى yočǔl دىن ھاسىل بولغان پېئىل يىلتىزى (yoč̌(u نىڭ مەۋجۇتلۇقى ھازىرقى زامان قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدا پېئىل يىلتىزى jos («چوڭ كۆلەملىك يۆتكىلىش» ؛ josu يەنى «چوڭ كۆلەملىك كۆچۈش» — «قازاقچە - رۇسچە لۇغەت»، 1954 - يىل، 178 - بەت) بىلەن پېئىل يىلتىزى joş («ئاقماق، يۆتكەلمەك» ك.ك. يۇداخىن «قىرغىزچە - رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1965 - يىل، 263 - بەت) قاتارلىقلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «چوڭ كۆلەملىك يۆتكىلىش، چوڭ كۆچۈش، كۆچمەنلىك» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان يىلتىزدىن ياسالغان بۇ ئېنىقلىغۇچى ھەقىقەتەنمۇ «يۆتكىلىدىغان، كۆچىدىغان، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان» دېگەندەك مەنىگە ئىگە ئىدى. تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا jos—joş—yoč̌ تەك ئۆزگىرىش جەريانى قانۇنىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئەھۋال ئىككى باسقۇچلۇق ئۆزگىرىش جەريانىغا ئىگە بولغان. يەنى 1) Č̌ (ئوغۇزچە) 2) ş (قىپچاقچە) ←s (قازاقچە).

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىن بىزگە مەلۇم بولغان يۇقىرىقى ئاشۇ نامنىڭ ھۇنلار نامىنىڭ قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھۇنلارنىڭ بىۋاستە ھالدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق.

---


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1) ج. خاملتون: «ئۇيغۇرلاردىكى sali ۋە tutung ئۇنۋانلىرى ھەققىدە»، «ئاسىيا ژۇرنىلى» 1984 - يىللىق 3 — 4 - سان.
2) ك. ئۇ. كوخالمى: «ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەن خەلقلىرىگە دائىر ھۆججەتلەر ھەققىدە» AON 1953 - يىل، 3 - سان.
3) ش. تېكىن: «مايترى سىمىت نوم بىتىگ»، بېرلىن، 1980 - يىل.
4) ل. ن. گۇمىلېيف: «ھۇنلار» موسكۋا، 1960 - يىل.
5) «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» لېنىنگراد. 1969 - يىلى.
6) «تەيشى يىللىرىدىكى تىرىپىتاكا» 50 - توم، توكيو، 1968 -يىل.
7) ل. يۇ. تۇگۇشېۋا: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى، نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، موسكۋا، 1992 - يىل.


«تۈركچە ۋە موڭغۇلچە يازما يادىكارلىقلار» (موسكۋا، 1992 - يىل، رۇسچە) دېگەن كىتابتىن

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان تۇران

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# تىلغا ئېلىنمىغان تەزكىرىلەر


تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

دىلئارا ئابلىمىت

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن)


ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تەزكىرە — تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەرنى ھەم نەسرىي ھەم نەزمىي يول بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان ھەم تارىخىي ھەم ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل ژانىر.

بىز ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىۋاتقان تەزكىرە دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، «ئەسلىمەك»، «يادلىماق»، «خاتىرىلىمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىدە ئىسىم ئورنىدا «ئەسلىمە»، «يادنامە»، «خاتىرەنامە» قاتارلىق مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تەزكىرە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران، خوراسان، ئوسمانلى تۈرك سۇلتانلىقى، تۆمۈرىيلەر خاندانلىقى، شىنجاڭدا XV ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدە، بولۇپمۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدە تۈرلۈك مەنىلەردىمۇ قوللىنىلغان، يەنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامنامە، يول يۇرگۇچىلەرگە بېرىلگەن تونۇشتۇرۇش، خىزمەتكە تەيىنلەنگەن كىشىلەرگە بېرىلگەن يارلىق - گۇۋاھنامىلەر، ئىسپات قەغىزى، ئوردىلاردىكى نوپۇس دەپتەرلىرىمۇ «ئىسناد تەزكىرىسى» (خىزمەتكە ئۆستۈرۈش)، «نوپۇس تەزكىرىسى» (تىزىم جەدۋەل) دەپ ئاتالغان. ھەتتا خان، ۋەزىر، ھاكىم، بەگ ئوردىلىرىدىكى يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ «تەزكىرەخان»، «تەزكىرىچى موللا»، «تەزكىرىچى كاتىپ ئاخۇن» دەپ ئاتاشمۇ ئادەت بولغان.

شەرقتە X ئەسىردە شەكىللەنگەن تەزكىرە ژانىرى كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ شانلىق نەتىجىلەرنى بىزگە «ئەستىلىك» ئۈچۈن مەڭگۈگە قالدۇرۇپ كەتتى. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ ئەنە شۇ تارىخىي - ئەدەبىي ژانىر بولغان تەزكىرىچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى لېنىنگراد بۆلۈمىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئا. م. مۇگىنوف مەزكۇر بۆلۈمدە ھەرخىل تېمىدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەزكىرىلىرىنىڭ ساقلانغانلىقى ھەققىدە ئۆز كىتابىدا يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن.

X V ئەسىردە شەرق تەزكىرىچىلىكىنىڭ بۈيۈك ئۇتۇقى ھېسابلانغان دۆلەت شاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى)، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇننەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى)، ئابدۇراخمان جامىينىڭ «باھارىستان» ناملىق تەزكىرىلىرى تەزكىرىچىلىك سەھنىسىدە كۆرۈلدى.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىرناۋائىينىڭ



«مەجالىسۇن نەفائىس» تەزكىرىسى مەزكۇر ژانىردا يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى بىرىنچى تەزكىرە بولۇپ، ئۇ ناۋائىيدىن بۇرۇن ياشىغان ۋە ئۆزى بىلەن زاماندانش بولغان 459 نەپەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان تەزكىرىدۇر.

ئەلىشىر ناۋائىيدىن كېيىن ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن تەزكىرىلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. مۇھەممەت ئىبۇز 1603 - يىلى «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى» تەزكىرىسىنى يازدى. نامەلۇم ئاپتور 1625 - ، 1627 - يىللار «تەزكىرەئى ئابدۇرەشىدخان» نى، نامەلۇم ئاپتور «تەزكىرەئى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى» نى يازدى. نامەلۇم ئاپتور «تەزكىرەئى زۇبدەتۇل ئارىپىن ۋە فىردەۋسۇ سسالىكىن» (ئەۋلىيالارنىڭ كاتتىلىرى ۋە رەھبەرلىرى) نى يازدى. مەشھۇر شائىر مۇھەممەتسىدىق زەلىلى تەزكىرىچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ «چىلتەنلەر تەزكىرىسى» نى (1734 - يىلى)، «مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار تەزكىرەسى» نى (1742 - يىلى) يازدى. ئابدۇشۇكۇرنىڭ «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان» تەزكىرىسى، قاسىمنىڭ «تەزكىرەئى ئارسلانخان» (1799 - يىلى)، مۇھەممەتئابدۇل ئەلى قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ھەزرەت موللام» (1800 - يىلى)، مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشىنىڭ «تەزكىرە تۇل ئېرشات»، موللاھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» (1829 - 1830 - يىللار)، مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، موللا نىيازنىڭ 1791 - يىلى يېزىلغان «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»، مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» (1854 - 1855) ناملىق تەزكىرىسى، موللا مۇسا سايرامى، موللا شاكىر، موللا بىلال نازىملارنىڭ بىر قاتار تەزكىرىگە ياندىش داستانلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ ئۇلگىلىرىدۇر.

ئۆز مەزمۇنى بويىچە مەزكۇر تەزكىرىلەر تارىخىي، ئەدەبىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلارغا ئىگە.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە تەزكىرىلەر ئاساسەن ئىككى خىل مەزمۇن، ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلغان:

بىرىنچى خىلى، دىنىي تەزكىرىلەر، يەنى مەشھۇر دىنىي زاتلار، بىرەر مەسلەك غايە، بىرەر مەسلىنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا غايەت زور تەسىر ئىناۋەتكە ئېرىشكەن شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە نەسلى - نەسەبى قاتارلىقلارنى ئەسلەپ يېزىلغان خاتىرىلەر.

ئىككىنچى بىر خىلى، تارىخىي (ئەدەبىي) تەزكىرىلەر، يەنى ئاساسەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ، قەدىمگاھلار، سەيلىگاھلارنىڭ تەرجىمىھال، خاتىرىسى ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پارچىلار نەقىل كەلتۈرۈپ يېزىلغان يادنامىلەر.

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا مەملىكىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ھەرخىل تىملاردا نۇرغۇن تەزكىرە ساقلانغان بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى، قەدىمكى مەشھۇر قەلئە شەھەرلەر، يەر - جاي نامىلىرى، مەشھۇر مازار ۋە ماشايىخلار ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇشۇ ئەسىردىكى تونۇلغان زىيالى، ئەرەب، پارس تىللىرى بىلىمدانى مەرھۇم ئابدۇرەشىد ئىسلامى 1965 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانغان ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى قەدىمكى كىتابلارنى رەتلەپ، «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتالوگى» ناملىق بىر كاتالوگنى ئىشلەپ چىققانىكەن. بۇ كاتالوگنى تارىخ، تەزكىرە، جۇغراپىيە، سىياسىي - ئىقتىساد، ئەخلاق، تىل - ئەدەبىيات، ئىسلام دىنى قائىدە تۈزۈملىرى، تەسەۋۋۇف، تېبابەت پەنلىرى قاتارلىق پەن تۈرلىرى بىلەن ئىشلەپ چىققان بولۇپ، بەلگىلىك قىممەتكە

uyghurkitap.com

ئىگە. مەن ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر كاتالوگدىكى قىسمەن تەزكىرە ـ نەسەبنامىلەرنى رەتلەپ كىتابخانلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

**«ئەنسەتتالىبىن»**

ئاپتورى: مىرزافازىل جۇراس

تىلى پارسچە، قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 1. 730.

ئەسەر بىر مۇقەددىمە، 61 باب، بىر خاتىمە بىلەن يېزىلغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەبنامىسى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، كاسان خوجىلىرى (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى) نىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرى يوقالغان، ساقلىنىپ قالغىنى 170 بەت.

بۇ ئەسەرنىڭ پارس تىلىدىكى نۇسخىسىدىن ھىجرىيە 1333 ـ يىلى (مىلادى 1914 ـ 1915 ـ يىلى) خوتەنلىك ئابدۇلرەھىم ئىبنى ئىسلام خوتەنى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قولىيازمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان. نومۇرى: 137

**«بى كىنارە شېرىف»**

ئاپتورى: ساھىب قىران خوجام پادشاھ

تىلى: پارسچە، قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان. نومۇرى 0227

ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجا ئىسھاق، خوجا ئافاقلارنىڭ نەسەبنامىسى، دىنىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا «سىرەلمۇھسىن» ناملىق سوپىزىمغا ئائىت بىر كىتاب قوشۇپ تۈپلەنگەن.

ئەسەر تولۇق 460 بەت.

**«تۆھفەتۇل ئەھباب فى تەزكىرەتۇل ـ ئەھباب»**

ئاپتورى: ئىبنى ئاشۇر مۇھەممەت ھەمدۇللاھ ئەل بۇخارى

تىلى: پارسچە

ھىجرىيە 1332 ـ يىلى (مىلادى 1913 ـ 1914 ـ يىلى) تاشكەنتتە بېسىلغان، تاشباسما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان.

ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا، پەرغانە قاتارلىق ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر ئالىملار، شائىرلارنىڭ تەرجىمھالى بايان قىلىنغان. مەۋلانە يۈسۈپ قاراباغى ناملىق بىر ئاپتورنىڭ «تارىخ كەشىدە ۋە مەجمۇئەت سىلىمى» ناملىق بىر تارىخىي ئەسىرى قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر ھىجرىيە 736 ـ (مىلادى 1335 ـ 1336) يىلىدىن باشلاپ ھىجرىيە 1054 ـ (مىلادى 1644 ـ 1645) يىلغىچە بولغان جەرياندىكى تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 432 بەت.

**«تەزكىرەتۇلئىرشاد»**

ئاپتورى: موللا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى

تىلى: ئۇيغۇرچە

ھىجرىيە 1234 ـ يىلى (مىلادى 1818 ـ 1819) قاراقاشتا يېزىلغان. قولىيازما.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان. نومۇرى 0250

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى №1063, №T4 نومۇرلۇق كىتابلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاساسەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، كېيىن جۇڭغارىيە، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنى ئىمان ئېيتقۇزۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. مەلۇم مەزمۇنلار قوشۇپ يېزىلغان.

ئەسەر تولۇق، 164 بەت.

**«تەزكىرەئى ئىمام ئەفتەھ»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

ھىجرىيە 1368 ـ يىلى (مىلادى 1948 —

1949 ـ يىلى) ئىمىن ئىسمىلىك بىر خەتتات تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلگەن.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇبخانىسىدا ساقلانغان.

ئەسەردە قاراخانىيلار دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھىردىن قەشقەرگە كېلىپ خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان «تۆت ئىمام نەبىھۇللا» نىڭ ئاتىسى ئىمام ئەفتەھنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى (ئىماملار) لارنىڭ جەڭلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئەسەر تولۇق، 140 بەت. ئىككى نۇسخا ساقلانغان.

## «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»

ئاپتورى: شەيخ فەرىدىدىن ئەتتار

ھىجرىيە 1190 ـ يىلى (مىلادى 1776 — 1777 ـ يىلى) يەكەندە مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان.

ئەسەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئىمام جەپىرى سادىقتىن باشلاپ جەمئىي 92 نەپەر ئەۋلىيانىڭ تەرجىمىھالى ۋە تارىخىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي كۆز قاراشلىرى، «تەسەۋۋۇپ» ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ يەنەبىر نۇسخىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانغان، نومۇرى: 126

## «تەزكىرەئى بۇغراخان»

ئاپتورى: نامەلۇم

ھىجرىيە 1246 ـ يىلى (مىلادى 1830 ـ 1831 ـ يىلى) ئاتۇشلۇق موللا ئابدۇرېھىم ۋە مەھمۇت سادىق قاتارلىقلار پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان، نومۇرى 059

ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شاگىرتلىرىدىن 52 ئەۋلىيانىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنىدۇ، ئومۇمىي مەزمۇنى «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» بىلەن ئوخشاش، لېكىن «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەپلەرنى ئاپتور كۆرسەتمىگەن. بۇ قولىيازما ئەسەرنىڭ دەسلەپتە قەشقەردە پارس تىلىدا يېزىلىپ كېيىن ھىجرىيە 1244 ـ يىلى (مىلادى 1830 — 1831 ـ يىلى) ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىش سەۋەپلىرىنى بايان قىلىنىدۇ. «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» ناملىق كىتاب بىلەن بىللە تۈپلەنگەن. ئەسەر تولۇق، 159 بەت.

## تەزكىرىلەر توپلىمى

نومۇرى: 017

بۇ توپلامغا ئالتە تەزكىرە كىرگۈزۈلگەن.

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»

② «تەزكىرەئى ھەفتە مۇھەممەدان» (يەكەندىكى چىلتەنلەرنىڭ تەزكىرىسى)

③ «تەزكىرەئى ئىمام جەپىرى سادىق» (ئاپتورى نامەلۇم)

④ «تەزكىرەئى تۆرت ئىمام زەبىھۇللا» (خوتەنلىك شائىر موللا نىيازنىڭ ئەسىرى)

⑤ «قىسسەئى ھەزرىتى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۇسەيىن» (ئاپتورى نامەلۇم)

⑥ «قىسسەئى ئىمام ھەسەن ۋە ھۇسەيىن» (ئاپتورى نامەلۇم)

بۇ تەزكىرىلەردىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كىتابلارنى يەكەن جايتوغراقلىق موللا زۇمرەت ئىبن موللا شېرىپ ئىسىملىك بىر خەتتات كۆچۈرگەن، قالغانلىرى تولۇق بولمىغانلىقتىن ئاپتورى ۋە كۆچۈرگۈچىلىرى نامەلۇم.

## «تەزكىرەئى ئىمام جەپىرى سادىق»

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇبخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 0791

ئەسەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىمام باقىرنىڭ ئوغلى ئىمام جەپىرى سادىقنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا قىلغان ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى «ماچىن» (خوتەن) گە كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشى، خوتەندە «توققۇزخاقان» ۋە «خەلخال ماچىنلار بىلەن قىلغان جەڭلىرى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ خوتەن دەشتىگە چېكىنىپ شېھىت بولغانلىقى

بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىن بىرقانچە بەتلىرى يوقالغان بولۇپ، بار قىسمى 60 بەت. بۇ ئەسەرنىڭ مەزكۇر كۇتۇپخانىدا 656 - 617 - نومۇرلۇق ئىككى نۇسخىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا 281 نومۇرلۇق بىر نۇسخىسى ساقلانغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا «تەزكىرەئى ئىمام جەپىرى تەيران» ۋە «تەزكىرەئى ئون ئىككى ئىمام»، «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» قاتارلىق كىتابلار قوشۇپ تۈپلەنگەن.

**«تەزكىرەئى ئىمام جەپىرى تەيران ۋە ئىمام ئەفتەھ»**

ئاپتورى: رۇشدى

تىلى: ئۇيغۇرچە

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان. نومۇرى 619.

ئەسەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىمام جەپىرى تەيران ۋە ئىمام ئەفتەھنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن خوتەنگە ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ۋەقەلىرى بايان قىلىنىدۇ.

كىتاب تولۇق، 174 بەت.

ئەسەرنىڭ 271 - نومۇرلۇق يەنە بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يوقالغان.

**«تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە»**

ئاپتورى: نامەلۇم

قەشقەردە يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە

ھىجرىيە 1335 - يىلى (مىلادى 1916 - 1917 - يىلى) «ئىسھاقىيە» مەتبەسىدە بېسىلغان، تاش باسما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

ئەسەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستاز - شاگىرتلىرىدىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق «ئۇۋەيس» ئەۋلىيالارنىڭ تەرجىمىھالى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى بىرقانچە مازارلارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان، ئەسەر تولۇق، 515 بەت.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر 59 - نومۇرلۇق نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان.

ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 1218 - يىلى (مىلادى 1803 - 1804 - يىلى) باي ناھىيىسىنىڭ قازانچى كەنتىدە موللا روزى سىيىتۋالدى دىۋان ئوغلى كۆچۈرۈپ چىققان بىر قولىيازما نۇسخىسى يەنى 075 - نومۇرلۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان، ئەسەر تولۇق.

**«تەزكىرەئى تۆرت ئىمام زەبىھۇللا»**

ئاپتورى: موللانىياز

تىلى: ئۇيغۇرچە

ھىجرىيە 1212 - يىلى (مىلادى 1797 — 1798 - يىلى) خوتەندە يېزىلغان، ھىجرىيە 1266 - يىلى (مىلادى 1849 — 1850 - يىلى) قايتا كۆچۈرۈلگەن.

ئەسەر قاراخانىيلاردىن يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھىردىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىن خوتەنگە بېرىپ، بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان ئىمام نەسىردىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام مەئىيددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆرت ئىمامنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ خوتەنگە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، چوقتى رەشىد ۋە نوقتى رەشىدلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ھىجرىيىنىڭ 390 - يىلى (مىلادى 999 — 1000 - يىللىرى) بولۇپ ئۆتكەنلىكى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ خوتەندە ئومۇملىشىشى ھەققىدىكى ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن تارىخىي داستان.

ئەسەر تولۇق، 2340 مىسرا، 130 بەت.

ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان. نومۇرى 33—T

**«تەزكىرەئى توغان تۈرك»**

ئاپتورى: داموللا خېتىپ ئاخۇن

تىلى: ئۇيغۇرچە

1891 - يىلى كۆچۈرۈلگەن قولىيازما

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان، نومۇرى 0515

ئەسەردە چىن خاقانىنىڭ ئوغلى توغان تۈركنىڭ

ئەرەبىستان، سۇرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگە بېرىپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىگە ياردەم بېرىپ، خاۋارىجلار گۇرۇھىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەرلەردىن قايتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەنلىكى، يولدا قىرغىز، قىپچاقلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكى ۋە ئىتائەت قىلغانلىقى، توغان تۆركىنىڭ قەشقەر خەلقىنى مۇسۇلمان قىلىپ يەكەنگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان جەڭلىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىنى مۇسۇلمان قىلغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ يەكەندە ۋاپات بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ زاتنىڭ قەبرىسى يەركەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا.

ئەسەر تولۇق، 77 بەت.

**«تەزكىرەئى چىھىلتەن»**

ئاپتورى: مۇھەممەت ئەلى ئىبىن مۇھەممەت ئىمىن يەركەندى

تىلى: پارسچە

ھىجرىيە 1244 ـ يىلى (مىلادى 1828 — 1829 ـ يىلى) يەكەندە يېزىلغان قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، نومۇرى 636

ئەسەردە شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھىرىدىكى «چىھىلتەن ياكى ھەفتە مۇھەممەدان» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر مازاردا دەپىن قىلىنغان يەتتە نەپەر كىشىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى، شۇ دەۋردىكى يەكەن ھۆكۈمدارى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 16 بەت

**«تەزكىرەئى ھەزرىتى خوجا ئافاق»**

ئاپتورى: نامەلۇم

بۇ موللا ئابدۇلرېھىم ئىسىملىك بىر خەتتات تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 1308 ـ يىلى (مىلادى 1890 ـ 1891 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن.

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

ئەسەردە خوجاھىدايىتۇللا (ئافاق خوجا) نىڭ ئاتىسى خوجاكالان (مۇھەممەدئىمىن خوجا) بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى خوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتلەر ۋە ئافاق خوجىنىڭ تەرجىمھالى ۋە پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 292 بەت. ئەسەرنىڭ يەنەبىر نۇسخىسى يەنى 345 ـ نومۇرلۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان.

**«تەزكىرەئى ھەزرىتى ئىماملار»**

ئاپتورى: موللا نىياز

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما.

ئەسەر قاراخانىيلاردىن يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھىردىن كەلگەن 4 ئىمام زەبىھۇللانىڭ خوتەندە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئۇلارنىڭ خوتەندە شېھىت بولۇشى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە بېرىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشىغا ئائىت ۋەقەلەر بايان قىلىنغان شېئىرىي داستان.

بۇ ئەسەرگە بىرىكتۇرۇپ «غۇسل ئەزەم» نىڭ نەسەبنامىسى، «تەزكىرەئى ھەزرەت ئىمام جەپىرى تەيران»، «تەزكىرەئى ھەزرەت ئىمام ئەزەم» قاتارلىق ئەسەرلەر تۇپلەنگەن.

ئەسەر تولۇق، 332 بەت.

**«تەزكىرەئى خوجامۇھەممەت شېرىف پىر»**

ئاپتورى: زەلىلى

تىلى: ئۇيغۇرچە.

ھىجرىيە 1165 ـ يىلى (مىلادى 1751 ـ 1752 ـ يىلى) يەكەندە يېزىلغان. موللا باتۇرئاخۇن ئىسىملىك بىر خەتتات كۆچۈرگەن قولىيازما.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 0677.

ئەسەردە خوجا مۇھەممەت شېرىف پىرنىڭ كېلىشى، ئۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئۇچرىشىشى، قاغىلىقنىڭ بىنا قىلىنىشى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپخاننىڭ (قەشقەر ھۆكۈمدارى) نىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىرغىزلارنى باستۇرۇشى، خوجا

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت شېرىپ پىرنىڭ يەكەن خانلىقىدا ئوينىغان رولى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. يەنە بۇ ئەسەرگە «تەزكىرەئى ھەفتە مۇھەممەدان» (يەتتە مۇھەممەدنىڭ تەزكىرىسى) دېگەن ئەسەر قوشۇپ تۈپلەنگەن.

ئەسەر تولۇق، 400 بەت.

**«تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام»**

ئاپتورى: مۇھەممەت ئەبەيدۇللا كاشغەرى

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

ھىجرىيە 1215 - يىلى (مىلادى 1800 — 1801 - يىلى) قەشقەردە يېزىلغان. ھىجرىيە 1259 - (مىلادى 1843) يىلى ئاقچە ئاخۇن ئىبن سوفى موللا ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 661. 782

ئەسەردە ئاتۇشنىڭ قايراق يېزىسىدا ياشىغان موللا نازىن ئالائىددىن ئىسىملىك ۋە «ھەزرىتى موللام» لەقەملىك بىر ئۆلىمانىڭ تەرجىمىھالى، پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان، بۇ ئەسەردە سۆزلەنگەن ۋەقەلەردىن شۇ دەۋردىكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا مەلۇم يىپ ئۇچى تېپىلىدۇ.

ئەسەر تولۇق، 123 بەت.

**«تەزكىرەئى ھەزرىتى سۇلتان ئەسھابۇل-كەھف»**

ئاپتورى: مۇھەممەد سادىق كاشغەرى

ھىجرىيە 1264 - يىلى (مىلادى 1847 — 1848 - يىلى) قەشقەردە يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما.

ئەسەردە «قۇرئان» دىكى «كەھف سۈرىسى» دە ھېكايە قىلىنغان «ئەسھابۇلكەھف» نىڭ پەيدا بولۇشىغا ئائىت بىرقانچە تۈرلۈك رىۋايەت ۋە ئەسھابۇلكەھفنىڭ تۇرپاندىكى ئۆزىنى «خۇدا» دەپ ئېلان قىلغان دەقيانۇس بىلەن بولغان ۋەقەلىرى، دەقيانۇسنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 42 بەت

**«تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»**

ئاپتورى: نامەلۇم

ھىجرىيە 1341 - يىلى (مىلادى 1922 - 1923 - يىلى) قەشقەر پاختەكلى يېزىسىدىكى موللا مۇھەممەت تۇردى ئىمام ئىبن قۇتبىددىن ئاخۇن ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، نومۇرى 7577—B.

ئەسەردە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭ خان بولۇشى، ئىسلام دىنىنى تارقىتىشى، ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان، ھەسەن بۇغراخان، ئوسمان بۇغراخان، ئارسلانخانلار-نىڭ جەڭلىرى، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ 4 ئىمام زەبىھۇللالار ئارقىلىق خوتەندە ئېلىپ بارغان جىھادلىرى، خوتەندە ئىسلام دىنىنىڭ ئورۇن ئېلىشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئوخشاش نۇسخىلىرىدىن 254، 124، 260، 236 - نومۇرلۇق تۆت نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان، T025 نومۇرلۇق بىر نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلانغان، ئەسەر تولۇق، 388 بەت.

**«تەزكىرەئى خوجا ئىسھاق ۋەلى»**

ئاپتورى: موللا ئىۋەز

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 661. 782

ئەسەر شىنجاڭدا شۆھرەت قازانغان خوجىلاردىن خوجا ئەھمەت كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاقنىڭ مەخسۇس تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ياشلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ كۆزگە چېلىقىپ كەلگەن خوسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى، شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران گۇرۇھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەسىرى، ئىناۋەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدىن ۋە ئاخىرىدىن

www.uyghurkitap.com

بىرقانچە بەت يوقالغان، ساقلانغىنى 318 بەت.

**«تەزكىرەئى ئەزىزان» (تەزكىرەئى خوجىگان)**

ئاپتورى: مۇھەممەت سادىق كاشىغەرى

تىلى: ئۇيغۇرچە

ھىجرىيە 1182 ـ يىلى (مىلادى 1768 ـ 1769 ـ يىلى) قەشقەردە يېزىلغان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 859.9931

ئەسەر تارىخىي ۋەقەلەردىن XVII ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا نۇرغۇن ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلاردىن مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خوجا كالان، خوجائىسھاق، خوجا ھىدايىتۇللا (ئافاق خوجا) لارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، خوجىلارنىڭ جۇڭغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» دېگەن نامىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقى، پاجىئەلىك ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان، ئەسەردە ئاساسەن خوجائىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەقەلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 348 بەت، ئىككى نۇسخا. ئەسەرنىڭ 884 ـ نومۇرلۇق يەنە بىر نۇسخىسى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ۋە 06 ـ نومۇرلۇق بىر نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا، 012 ـ نومۇرلۇق نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان.

**«تەزكىرەئى شەيخ سادىق خوجا»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان. نومۇرى 136.

ئەسەردە مۇھەممەتسادىق ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يەكەن ئەتراپىنى قورشاپ، چامسال دېگەن جايلارغا كېلىپ، غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان.

كىتابنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

**«تەزكىرەئى خوجا مەھاب كۇھمار»**

ئاپتورى: خېلىل ئالائىدىن دۆلەت دەھبىدى

تىلى: ئۇيغۇرچە، قوليازما

ھىجرىيە 1210 ـ يىلى (مىلادى 1795 ـ 1796 ـ يىلى) دەھبىددە يېزىلغان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 671.

ئەسەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ «ئەۋلادى» دىن خوجا مەھاب كۇھمارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ ساياھەت قىلىپ خوتەنگە كېلىپ يەرلىشىپ قېلىش جەريانى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 134 بەت.

**«تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: پارسچە، قوليازما

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان. نومۇرى 001.

ئەسەردە XVII ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان خوجىلارنىڭ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەسەۋۋۇپ تارقىتىش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ شۇ زاماندىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 508 بەت.

**«تەزكىرەئى مەۋلانە جالالىدىن بۇخارى»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 780.661

ئەسەردە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھۇلاكۇ بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بۇخارادىن قېچىپ چىققان «شەيخ جامالىددىن (كېيىنكى ئىسمى جالالىدىن) ۋە شاھا بىددىنلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تەكلىماكاندىكى (شەھرى كىتىككە كېلىپ، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، كىتىك شەھرىنى قۇم بېسىپ كەتكەندە، ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە كېلىپ يەرلەشكەنلىكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن

ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىدىن تەلىم بېرىپ مۇسۇلمان قىلىشى، تورپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان خوجىلار مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى ھېسابلانغان خوجىلاردىن ئايرىم بىر گۇرۇھ بولۇپ، ئەڭ ئاۋال شىنجاڭدا پەيدا بولغان خوجىلاردۇر.

ئەسەر تولۇق، ئىككى نۇسخا، 164 بەت. 144 - نومۇرلۇق يەنە بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا، T04 نومۇرلۇق نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان.

**«تەزكىرەئى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇبخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 01063

ئەسەردە مەۋلانە جالالىددىن بۇخارى (كىتىكى) نىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئىلىغا بېرىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىمان ئېيتقۇزغانلىقى، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن جۇڭغارىيە، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىنى مۇسۇلمان قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى، خوجا ئىسھاق ۋە ئافاق خوجىلارنىڭ (1626 — 1694) ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 236 بەت

**«تەزكىرەئى ھىدايەت»**

ئاپتورى: موللا ياقۇپ ئىبن روزى

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما، قەشقەردە يېزىلغان.

ھىجرىيە 1300 - يىلى (مىلادى 1882 — 1883 - يىل) مەكتىلىك موللارەھىم ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. نومۇرى 661. 780

ئەسەردە خوجىلاردىن ئافاق خوجىنىڭ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى ئىشان كالان ۋە خوجا ئىسھاقلارنىڭ بىر بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشى، ئىشان كالاننىڭ قۇمۇلغا كېلىپ يەرلىشىشى، ئافاق خوجىنىڭ تۇغۇلۇشى، پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن خوجاھەسەن (ساھىپقىران پادىشاھىم) نىڭ شۆھرەت قازىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەسەر تولۇق، 144 بەت.

**«تەزكىرەئى ھىدايەت»**

ئاپتورى: باھائىددىن ئىبن تاھىر

تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما

ھىجرىيە 1334 - يىلى (مىلادى 1915 - 1916 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان. نومۇرى 011.

خوجاھىدايىتۇللانىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ 30 ياش ۋاقتىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە يول ئۈستىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لارنىڭ شەكىللىنىشى، بىر - بىرىگە قارشى ھەرىكەتلىرى، ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ جۇڭغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا «ھەقتىل نامە»ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى قوشۇپ تۈپلەنگەن.

ئەسەر تولۇق، 310 بەت.

ئەسەرنىڭ 23—T نومۇرلۇق يەنە بىر نۇسخىسى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان.

**«تەمھىدات»**

ئاپتورى: نامەلۇم، تىلى: پارسچە، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، خەتتات نامەلۇم، قولىيازما. ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان، نومۇرى 10—T.

ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا قاراخانىيلاردىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ قىزى ئەلانۇر خېنىم، تۇركان خېنىم قاتارلىقلارنىڭ نەسەب تەزكىرىسى ۋە

باتۇرلۇق پائالىيەتلىرى، ئاخىرقى قىسىمدا «قۇرئان» ئايەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس، ساقلانغان قىسمى 328 بەت.

**«سىراجۇلئىنسا»**

ئاپتورى: نامەلۇم. تىلى: ئۇيغۇرچە، قولىيازما. ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلانغان، T—51.

ئەسەردە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئاياللارنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە ئەخلاق - قائىدىلەر بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرى تولۇق ئەمەس، ساقلانغان قىسمى 270 بەت.

**«شەجەرەنامە»**

ئاپتورى: نامەلۇم، تىلى ئۇيغۇرچە، يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن ئورنى نامەلۇم، قولىيازما.

ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلانغان، نومۇرى T—15.

ئەسەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەجەرە (نەسەبنامە) لىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، قىرغىزلاردىن قىپچاق، تەيىن، كەسەك قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ شەجەرىسى بايان قىلىنغان. ئەسەر تولۇق، 30 بەت.

**«شەرھۇلقىران»**

ئاپتورى: نامەلۇم، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلانغان، نومۇرى T—3.

ئەسەردە خوجاھىدايىتۇللانىڭ ئوغلى «ساھىب قىران پادىشاھىم» (ھەزرەت سەيدئىمام ھەسەن) نىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى، بەدەخشان، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا قىلغان سەپىرى، جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىقى، ساھىب قىراننىڭ رۇم (ئىستانبۇل)، بۇخارا، سەمەرقەندكە قىلغان ساياھىتى، ئالاي، بوستان تېرەك قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، قىرغىزلارنىڭ قەبىلە باشلىقى غالچا بى خان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇڭغارلارغا قارشى كۆرەش قىلىشى، «پادىشاھخان» بولۇپ تەختكە چىقىشى، ھىجرىيە 1106 - يىلى (مىلادى 1694 — 1695 يىللىرى) ۋاپات بولغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن بىرقانچە بەت يوقالغان بولۇپ، ساقلانغان قىسمى 326 بەت.

**«زىيائۇلقۇلۇب»**

ئاپتورى: مۇھەممەت ئىبنى جۇراس

تىلى: ئۇيغۇرچە، ھىجرىيە 1012 - يىلى (مىلادى 1603 — 1604 يىللىرى) سەمەرقەندتە پارس تىلىدا يېزىلغان. خوتەندە «شەۋقى» تەخەللۇسلۇق بىر ئەدىپ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەسەر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خوجائىسھاق ۋەلىگە مەنسۇپ بولغان «ماشايىخلار»، «ئۆلىمالار» ۋە ئۇنىڭ شاگىرت «خەلىپەلىرى» بايان قىلىنىپ، خوجا ئىسھاققا مۇناسىۋەت باغلىغان ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەھۋالى قوشۇپ بايان قىلىنغان.

كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يوقالغان، ساقلىنىپ قالغان قىسمى 342 بەت، بۇ ئەسەرنىڭ ئوخشاش ئىككى نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ كۇتۇپخانىسىدا (767) ساقلانماقتا.

**«قىسسەئى ئەلى ئارسلانخان»**

ئاپتورى: موللا ئەيد.

ئۇيغۇرچە. يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، خەتتات ئېنىق ئەمەس، قولىيازما، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، نومۇرى 889.

ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ھىجرىيە 1352 - يىلى (مىلادى 1932 — 1933 - يىللىرى) خوتەندە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ جەريانى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار يېزىلغان بىر خاتىرە ماتېرىيال قوشۇپ قويۇلغان. ئەسەر تولۇق، 85 بەت، ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر

uyghurkitap.com

ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان، نومۇرى 0511.

**«مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن»**

ئاپتورى: نامەلۇم، ئۇيغۇرچە، قولىيازما، مىلادى 1616 - يىلى يېزىلغان.

ھىجرىيە 1280 - يىلى (مىلادى 1863 — 1864 - يىللىرى) مۇھەممەتسىدىق يەركەندى يەكەن شەھىرىدە پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىسمى «جامىئۇلمەقامەت» بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا تەرجىمان «مەجمۇئەتۇلمۇھەققىن» دەپ ئاتىغان. ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى (تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى قاراشلىرى) بايان قىلىنغان. ئەسەر تولۇق، 142 بەت.

ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانغان. نومۇرى: T—1.

**«مەناقىبەغەۋسىيە»**

ئاپتورى: مۇھەممەت سادىق سۇرى قادىرى

تىلى: ئۇيغۇرچە

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. بۇ ئەسەر خوتەندە مەھمۇت ئەيسا ئىسىملىك بىر ئەدىپ تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەردە تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ پىرى ئىرانلىق «شەيخ ئابدۇقادىر جىلانى غەۋسىل ئەزەم» نىڭ تەرجىمھالى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر تولۇق، 310 بەت.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى (20 — T نومۇرلۇق نۇسخىسى) ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمى قىسقارتىلغان بىر نۇسخىسى (178 - نومۇرلۇق نۇسخىسى) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ساقلانغان.

**«نەسەبنامەئى ئان ھەزرەت»**

ئاپتورى: نامەلۇم

تىلى: ئۇيغۇرچە

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، خوتەننىڭ سولبا يېزىسىدا مەلۇم بىر خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. نومۇرى 2524.

ئەسەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەسەبنامىسى يىراق ئەجدادلىرىغىچە بايان قىلىنغان.

ئەسەرگە بىرىكتۈرۈپ «ھەكىم سىنائى» نىڭ بىر شېئىرىي ھېكايىسى، خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدا ياشىغان ئەسلى بۇخارالىق سەيىد جالالىدىن ئىسىملىك بىر زاتنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1230 - يىلى (مىلادى 1814 — 1815 - يىللىرى) خوتەندە ۋاپات بولغانلىق ھېكايىسى قوشۇپ تۇپلەنگەن.

ئەسەر تولۇق، 260 بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 64 - بەتتە)

خەلقىمىز ھېلىمۇ ئىشلىتىۋاتىدۇ. شۇڭا ماتېرىيال توپلاپ باققاندۇق، تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئارتۇق تېتىقسىز گەپلەر چىقىپ كەتتى. ماقالىغا كىرگۈزگىلى بولىدىغانلىرىنى كىرگۈزدۇق. بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر ھاياسىز، رەسۋا بولسىمۇ، ئەمما تىلىمىزدا قوللىنىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ بىر بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ، بۇمۇ بىرخىل تىل ئالاقىسى قورالى، ئۇنى خەلق ياراتقان، خەلق ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆز يۇمغىلى، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالغىلى بولمايدۇ. تىل ئالاقىسىغا قاتناشقان ھەرقانداق سۆز - ئىبارىلەر لۇغەتنىڭ، مۇھاكىمىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى لازىم دەپ قارايمىز.

ماقالىنىڭ بېشىدا دېگىنىمىزدەك، چەت ئەللەردە ۋە ئەتراپىمىزدا بەزى مىللەتلەر بۇنداق تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى توپلاپ لۇغەت تۈزۈپ چىققان، ئادەتتىكى لۇغەتلەرگە سىغداپ كىرگۈزگەن، تەتقىق قىلغان، بىزدىمۇ بۇنداق سۆزلەرگە لۇغەتتىن ئورۇن بېرىشكە بولامدۇ-يوق، بۇنى كەسىپداشلارنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مېنىڭچە بۇنداق تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى توپلاپ، تەتقىق قىلساق، بىر تەرەپتىن ۋۇجۇدىمىزدىكى يەنە بىر يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بولمىش ئادەتلىرىمىزنىڭ «چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ»، خەلقىمىزنى ئۇنىڭدىن يىرگەندۈرۈپ، سەسكەندۈرۈپ، قول ئۈزدۈرۈشكە، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت ئاھالىسىغا خاس ئەدەپلىك تىل ئىشلىتىشكە ئۈندىگىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت قارىشىنى، ئادىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۈبەيرى

www.uyghurkitap.com

# چەشتاغدا ئاققان قانلار

ماموت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى پاشانغانلار باشقارمىسىدىن)

بۇ يىل 8 - ئايدا تاشقورغان خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغانلىقىغا 55 يىل بولدى. بۇ قوزغىلاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تاشقورغان تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىپلا قالماستىن، 10 - ئايغىچە قەشقەر تەرەپتە ئوپالنى ئىگىلەپ، شىمالدا يامانيار، جەنۇبتا تاشمىلىققىچە، يېڭىسار تەرەپتە شەھەردىن 25 كىلومېتىر بېرىدىكى جايلارغىچە، شەرقتە ئېگىز ياردىن ئۆتۈپ سۆگەت رايونىغىچە بولغان جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ بۇ جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلدى ۋە تاشقورغاندىن يەكەنگىچە بولغان تاغ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ يىل ئاخىرىغىچە يەكەننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ ئىككى ناھىيىدە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى.

تۆۋەندە 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغاندا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ چېكىندىن ئاشقان زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن چەشتاغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن تاشقورغان ئىنقىلابىغا دائىر بەزى ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

## چەشتاغ

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تاشمىلىق رايونىنىڭ ساغان كەنتىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان تەخمىنەن 5 كىلومېتىر كېلىدىغان توپاتاغ بار، تاغنىڭ شىمال بېشىدىكى يۇمىلاق تىك ئېگىز چوققا چەشتاغ دېيىلىدۇ. تۆپىسى ھەربىيلەرنىڭ مەشىق مەيدانى، شەرق تەرەپتە پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ چىقىدىغان، ئىككى ئەسكەر قوراللىق پوستا تۇرىدىغان قوشقاناتلىق ئىشىك بولۇپ، ئىچى ھەربىيلەرنىڭ ياتىقى، ئاشخانىسى ۋە يەر ئاستى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئامبىرى. مەيداننىڭ غەربى ئېگىز دۆڭلۈك، ئاخىرى تىك يار، پەستىكى سايدا ئوپالدىن جەنۇبقا بارىدىغان تاشمىلىق يولى بار. يولنىڭ غەرب تەرىپى شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان گەز دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ دەريانىڭ غەربى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىغا، شەرقى گومىنداڭغا تەۋە، مەيداننىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئوت - چۆپ، دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا كىچىك بىر ئېرىق سۇمۇ بار ئىدى. شەرق تەرىپىدە تاغ ئۇستىگە چىقىدىغان يىلان باغرى كەتكەن بىر توپىلىق يول بار. پۇقرالار ئۆزىگە چۈشكەن ئوتۇن - سامان، بېدە - بوغۇز سېلىقلىرىنى مۇشۇ يول بىلەن تاغقا ئېلىپ چىقىپ ھەربىيلەرگە تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبى ئۇچىدىكى قارا دۆۋە دېيىلىدىغان يەرگە تاشمىلىق لەڭزە جايلاشقان، ئىشىك ئالدى تاشقورغان چوڭ يولى، بۇ ئىككى جاي خالىيەنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان ئەيسالىيەنجاڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ياراقلار بىلەن قوراللانغان



2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئوزۇنلاشتۇرۇلغان ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلى بولۇپ قالماستىن، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئاخبارات مەركىزى ۋە بىز ئەسلەپ ئۆتمەكچى بولغان قانلىق ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

## گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ دېھقانلارنى پىلموتقا تۇتۇشى

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 48 كىشى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پىلال يېزىسىدىن ئېلىشقا چىقىپ پىلال ئۆستىڭىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭدۇق. مۇشۇ مېڭىشىمىزدا چەشتاغنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ يەنە 10 كىلومېتىرچە يول يۈرسەك گەز دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى سۇ كۆپەيتىدىغان جايغا يېتىپ كېلەتتۇق. بۇ چاغدا تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنى گەز دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلاردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارغان، ئىنقىلابچىلار يېڭىسار تەرەپتە گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى باي، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىرىنى ئىگىلەپ، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ گومىنداڭ قىسىملىرىنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا قىستاۋاتقان، گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، تاشقورغان ئىنقىلابى ئۈستىدە تەتۈر تەشۋىق تارقىتىپ خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان شۇنداقلا قالايمىقان ئەسكەر ئېلىپ ئاممىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئالۋان ـ سېلىقنى كۆپەيتىپ، دېھقانلارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. بىز چۈشكە يېقىن چەشتاغنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىقتىن ئاقتىچى، يەڭۋاپا، پىلال يېزىلىرىغا بارىدىغان ئۈچئۆستەڭنىڭ بويىدا توختاپ بىرئاز دەم ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا چەشتاغنىڭ ئۈستىدىن ئەسكەرلەر دۈربۈن سېلىپ تەكشۈرگىلى تۇردى. باشلىقىمىز 1934 ـ يىلدىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان قادىر ليەنجاڭ دەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ دۈربۈن سېلىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، تېز ماڭايلى دېدى. بىز ئالدىراش مېڭىپ توما بېشىغا كەلدۇق، تومىغا قارايدىغان ئىنگەمبەردى ئاكا بىزگە چاي قاينىتىپ تۇرغانىكەن. بىراق ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئادەملىرى كېچىسى مېڭىپ كېتىپ، بىزنى ھەيدەپ مېڭىشقا بىر دورغىنى قويغانىكەن. ئۇ چاي ئىچكۈزمەي ئۇرۇپ قوغلىغىلى تۇردى، ئىككى ئادەمنى نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزگە قاراشقا قويۇپ، 46 كىشى بىردىن ناننى بەلگە تۇگۈپ، بىر تالدىن بادرىنى كۆتۈرۈپ ئەمدى سايغا چىقىشىمىزغا، چەشتاغنىڭ غەربىدىكى دۆڭدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىزنى پىلموتقا تۇتۇشقا باشلىدى. باشلىقىمىز يارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ «دۈم يات» دەپ بولغۇچە ئىككى قېرىندىشىمىزغا ئوق تەگدى. ئوققا تۇتۇش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى، پىلموت ئوقلىرىنىڭ تاشقا تېگىپ تاراسلىغان ئاۋازى پىلموتلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ سايىنى بىر ئالدى، ئوق تەگكەنلەرنىڭ ۋايساشلىرى، قېرىنلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ يىغا ـ زارە قىلىشلىرى داۋاملاشماقتا ئىدى. بىر چاغدا پىلموت ئاۋازى توختىدى، بىزنى پىلموتقا تۇتقان قىرغىز ئەسكەرلەر چەشتاغ تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. يارىدارلارنى دەملىشىپ كۆتۈرۈپ تاغ ئۈستىگە يېتىپ چىقتۇق. ئەتراپىمىزدىكى قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىز، ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئۇيغۇر ئىزۋوت كوماندىرى ئالدىغا چىقىپ قادىر لەنجاڭدىن نەچچە ئېغىز گەپ سوراپلا ھېلىقى دورغىنى ئېسىپ ئۇرغىلى تۇردى. ئاندىن يەرگە چۈشۈرۈپ ئىشتاندىن باشقا كىيىمنى سالدۇرۇۋېتىپ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ كېچە سۇ تۇتقىلى كەتكەن ئىككىئۆستەڭنىڭ ئادەملىرىنى ئىككى سائەتكىچە قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئوق تەگكەنلەرنىڭ يارىسىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. بىز ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يارىسىنى داۋالاشنى تەلەپ قىلدۇق. ئاندىن تۆت ئەسكەر يارىدارلارنى داۋالاشقا ئېلىپ ماڭدى. 5 ھەربىي باشلىق چىقىپ بىزنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھۆرپىيىپ تۇرۇپ: «سىلەر نېمىشقا كۈندۈزدە تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قېشىغا ماڭىسىلەر؟» دېدى. باشلىقىمىز جاۋاب بېرىپ: «بىزنىڭ كۆتۈرگىنىمىز توقماق ئەمەس، بادرا، ئەسكەرلىرىڭلار كۆردى. بىز

بادرىنى يوغان تاشقا يۆلەپ ئاندىن ئالدىغا تاش تىزىپ سۇنى تۇتىمىز. بۇنداق قىلمىساق گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى توپا تۆكۈپ تۇتقىلى بولامتـــى» دېدى. «نېمىشقا بىزدىن رۇخسەت سورىماي ماڭىسىلەر؟» دېۋىدى، دېھقانلار «يەر سۇغىرىدىغان سۇنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ھەربىيلەردىن رۇخسەت ئالامدۇ؟ بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ يوق ئىشقۇ» دېدى. ھەربىيلەر قايىل بولماي يەنە گەپ باشلىغىلـــى تۇرغاندا، كۆپچىلىك بۇ ئىـــشنـــى توغرا سورىمـــساڭلار ئۈستۈڭلاردىن ئۇرۇمچىگە ئەرز قىلىمـــــز دەپ ۋارقىراشتى. توپىنىڭ ئارىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئون نەچچە كىشى بار ئىـــدۇق. ئۇلار باشلامچىلىق قىلىپ، «جاۋاب بەرسۇن» دەپ ئۇزمەي ۋارقىراشتى. بۇ چاغدا قورallıق ھەربىيلەرنىـــڭ ھەممىسى ئۆۋنىسىدىن چىقتى. يەنە بىر پۇشتەك بىلەن يوقالدى، ئاڭغىچە بىزدىن گەپ سورىغان ھەربىيلەر يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ، يەنە قېشىمىـــزغا كەلدى. ئۇلار «بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن، يۇرتقا بارغاندا باشقىلارغا دېمىسەڭلار» دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى، شۇنداق قىلىپ ئوق ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن مامۇت ئىبراھىمنـــى (ھازىر پـــلال يېزىلـــق ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىدۇ) يېڭى شەھەرگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا قوشۇلدى. ئوق ئىككى بارمىقىنى ئۈزۈۋەتكەن سوپاخۇننى دورا بېرىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. دېمەك، بىز ئاخىرى قايتىدىغان بولدۇق. ھەربىيلەر بىزگە تاماق، قوغۇن - تاۋۇز بەرمەكچى بولۇۋىدى، بىز ئۇنىمـــدۇق. ئەپسۇسكى، شۇنىڭغىچە ئاران 25 ئادەم قاپتىمىز، قالغانلار بىرلەپ - ئىككىلەپ قېچىپ كېتـــپتۇ. ياردارلارنى ئاتقا مىندۇرۇپ، بىـــر ئۇيغۇر ئەسكەر بىللە ئېلىپ ماڭدى. تاغدىن چۈشسەك، ئالدىمىزدا كەتكەنلەر بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرغانىكەن، بىـــز ھەممىمىز بىللە قايتتۇق. لېكىن، ئورمانلىقتىـــن چىقساق پىلالدىن ئىككى كۆك بېشى (مىراب) يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقماي سەنلەر نېمىشقا سۇنى تۇتماي يېنىپ كېلىشتىڭ دەپ ئالدىدا ماڭغانلارنى ئۇرغىلى تۇردى. كۆپچىلىك غەزەپلىنىپ، ئىككى مىرابنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بەكرى بېدىك دەيدىغان مىراب قېچىپ كەتتى. يانتاق چوڭ دېگەن باش مىراب قېرى ئادەم ئىدى. قادىر ليەنجاڭ «ئۇرىدىغىنىنى قاچۇرۇپ قويدۇق، بۇنى ئۇرساق بىر زەمبىل گۆش بولىدۇ، ئۇرماڭلار» دەپ كۆپچىلىكنى ئۇرۇشتىن توختاتتى. مىرابمۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھەممىمىزدىن ئەپۇ سورىدى. بىراق مۇشۇ مالىمانچىلـــقتا ياردارلارنى ئېلىپ ماڭغان ھەربىي قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى بىز ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويدۇق. كېيىن پىلال مەكتەپتە ئوقۇغان بەشقومۇشلۇق ياسىن مەمەت دېگەن قىرغىز ئوفىتسېرنىڭ «پىلموت ئاۋازىنـــى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلسەم، 13 پىلموتنى ئىـــشقا سالغانىكەن، مەن بۇيرۇق بىلەن توختاتتىم، ئۇلارغا ئاچچىقلاندىم، لېكىن خىجىل بولۇپ دېھقانلار بىلەن كۆرۈشمىدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىـــش «پىلموتقا تۇتۇش ۋەقەسى» دېيىلدى.

## ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يېڭىسار تەرەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىسمىدىن بىر ليەنجاڭ باشچىلىقىدا ئىككى جەڭچى بارىنلىق ئىسمائىل قارى دېگەن كىشىنىـــڭ يول باشلىشى بىلەن پىلال يېزىسىنىڭ قورغان كەتتىدىكى مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتـــى. ئۇلار ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېگىز سېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، ليەنجاڭ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتتى، شۇنىـــڭ بىـــلەن مەكتەپ قورۇسىغا ئورۇن راسلاندى. جۈمە مەسچىتىنىـــڭ ئىمامى كېرەم خاتىپ ئاخۇنۇم يېتىپ كېلىـــپ، مېھمانلارنـى قايماق چاي، مېۋە - چېۋە بىـــلەن كۈتۈۋالدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەكتەپ ئىچىگە ئادەم يىغىلـــشقا باشلىـــدى، كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ياشلار، قېرىلار، باللىـــق ئاياللار، كىچىك باللارمۇ بار ئىـــدى. ليەنجاڭ كۆپچىلىككە تازىم قىلىپ سۆزىنى باشلىدى، بىـــر ئەسكەر ليەنجاڭنىڭ يېنىدا تىك تۇردى. يەنە بىرى دەرۋازىدا قورallıق تۇردى. ئىسمائىل قارى، مەن يەنە بىر ياش ئەتراپنى كۆزىتـــپ تۇردۇق. كۈن ئولتۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغـــى

ئۆزۈلمىدى. بۇنىڭدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلگەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. سىرتتا كۆزىتىۋاتقانلارغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ ئاددىي ئەمەلدارى ياكى بەگ - دورغىلار كەلسە خۇددى تاپ پۇراپ يۈرگەن لالما ئىتلاردەك ئەمەلدارلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ «خوش» دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان يۈزبېشى، ئون بېشى، قۇربېشى، توپ بېشى، ئاقساقال، مىراپ، باجگىر، قازى، مۇپتى قاتارلىقلارنىڭ بىرسىمۇ كەلمىدى. مەھەللىمىزدە بىر باي بولۇپ، ئۇ ئەمەلدار ئەمەس ئىدى، لېكىن ئەمەلدارلارنى كۆرسە ھېچنىمىنى ئايىمايتتى. ليەنجاڭ سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ چاكىرى قاسىم ئىككى قېتىم كېلىپ مەكتەپ تېمىنىڭ كۆڭگۈرىسىدىن مارىدى. ئۇنى ئىسمائىل قارى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن «نېمە ئىشىڭ بار؟ نېمىشقا ئىچىگە كىرمەي ئىككى نۆۋەت كېلىپ تۇشۇكتىن قارايسەن؟» دېۋىدى، ئۇ دۇدۇقلاپ: «ساۋۇت خان باي بارمىكىن دەپ قارىدىم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا «باي ئاكاڭ بۇ يەرگە كەلمىدى، ھوجرىسىدىن تېپىۋال» دېدىم. بۇ سۆزۈم كېيىن ماڭا بەزى ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى. ليەنجاڭنىڭ سۆزى ئارىلاپ ئالقىشلىنىپ تۇردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا بۈگۈندىن ئېتىبارەن پىلال خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ يېزىغا كېلىپ پۇقرالارغا ئالۋان سېلىپ، زۇلۇم سالالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر زۇلۇم سالغۇچىلار كۆرۈلسە، ئىنقىلابچىلار كەلگەندە ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى جاكارلاپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئەسكەرلەر ئاتنىڭ قېشىغا ماڭغاندا ليەنجاڭ ماڭا: «سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئىسمائىل قارىدىن ئاڭلىدىم، ئوقۇغان ئاڭلىق يىگىت ئىكەنسىز، بىز پات ئارىدا قايتىپ كېلىمىز، بىز كەلگىچە ياشلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇيدان تەشكىللەڭ، لېكىن، ئىشپىيونلاردىن پەخەس بولۇڭ» دېدى. ئۇلار بىز بىلەن خوشلاشقاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن خاتىرجەم بولالماي بىر چوماقنى ئېلىپ ئوق چىقىۋاتقان تەرەپكە ماڭدىم. تۈگمەن بويى مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا ئوق ئاۋازى توختىدى، مەن ئەتراپنى ئايلىنىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كىرمەي ھامامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، ئېتىلىۋاتقاننىڭ بىر قىسمى بەلگە ئوق ئىكەن. بىر قىسمى رەسمىي ئوق بولۇپ، تام، دەرەخلەرگە تېگىپ كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالاتتى. مەن قوناقلىقتا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇم، كېيىن مەلۇم بولدىكى ئىنقىلابچىلار چوڭ باش كەنتىگە بېرىپ قاقىللا يولى بىلەن بارىنغا قايتماقچى بولۇپ، دۆڭدىن چوڭ باش يولىغا چۈشكەندە، تۈگمەن بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەت نايىپ بەگنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تۇرغان، چارشەنبە بازار ساقچىخانىسىدىن كەلگەن ساقچىلار ئىنقىلابچىلارغا قارىتىپ قاراڭغۇدا قالايمىقان ئوق چىقارغان. ليەنجاڭ ئاپتوماتنى ئىشقا سالغاندا، ئىككى ساقچىغا ئوق تېگىپ، بەدەر قاچقان. كېيىن، گومىنداڭچىلار بۇ ۋەقەنى بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بارات ناۋاي دېگەن ساقچى بىر قولىنى نەچچە ئاي بويىنىغا ئېسىپ يۈرگەنتى. كېيىنكى ئېتىلغان ئوقلار ئىنقىلابچىلار قايتقاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاتقان ئوقلار ئىكەن. بۇ چاغدا يېڭى شەھەردىن ئاقتۇ ۋە يېڭىسارغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۇنداقلا پىلال يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتېپچى، بارىن، يەلكەن، سايباغ ئارقىلىق يېڭىسارغا بارىدىغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئورگىنى، پىلالنىڭ غەربىگە چېگرىداش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدىن قەشقەر كوناشەھەرگىچە گومىنداڭ قوراللىق كۈچى يوق ئىدى. ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىش قانداق قىلىپ ئاقتۇ ساقچىخانىسىغا يەتكۈزۈلدۇ؟ ئىنقىلابچىلار بارىندىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، تاشمىلىق لەڭزىنىڭ نامىدىن 4 پارچە خەت كەلگەن، ئىنقىلابچىلار پىلال يېزىسىغا يېتىپ كەلگىچە چارشەنبە بازار ساقچىخانىسى 10

www.uyghurkitap.com

نەچچە پارچە ئاخبارات تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن. بۇ ئاخباراتلاردا تاغ ئوغرىلىرىغا ياردەم بەرگەنلەرنى تەكشۈرۈپ قاتتىق جازالاش، ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغانىكەن.

ئىنقىلابچىلارنىڭ كېلىشى دېھقانلاردا تاشقورغان ئىنقىلابىغا نىسبەتەن ئىشەنچ ھاسىل قىلدى، ياشلارنى ئويغاتتى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يېزىلاردىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى، ئىشپىيونلارنى ئەندىشىگە سالدى. يىل ئاخىرىغىچە بۇ يېزىغا ھەربىي، ساقچى، باشقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار پەقەت كەلمىدى. يۈزبېشى، باجگىرلار كەلسىمۇ بۇرۇنقىدەك 20 - 30 ئادەم ئاتلىق كېلىپ ئالۋان - سېلىق چاپىدىغان، پۇقرالارنى باغلاپ ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ سوراق قىلىدىغان، نەچچە قوينىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇپ كېتىدىغان قىلىقلارنى قىلالمايدىغان، ئىككى، ئۈچ كىشى كېلىپ ئىشنى تۈگىتىپ، ئۈن - تىنسىز قايتىدىغان بولدى، دېھقانلار خۇش بولۇپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى بىزنى ئۇنتۇپ قالماي ئايدا بىر قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇرسا بولغىدەك دېيىشتى. بۇ ۋەقەنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قورال تاپشۇرغاندىن كېيىنكى ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## «پودپولكوۋنىك» ئەنجانباي

زۇلۇم زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا بەل باغلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى ئەنجانباي تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ، ئويتاغنى مەركەز قىلغان ھالدا قەشقەر تەرەپلەردە گومىنداڭ قىسملىرى بىلەن نەچچە قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەلىبىلەرگە ئېرىشكەچكە، گېنېرال ئىسھاق بېك «پودپولكوۋنىك» ئۇنۋانى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تاشمىلىق لەشكىرى ۋە چەشتاغدىكى گومىنداڭ قىسملىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز ئادەملىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، زامانىۋى ياراغلار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قىسملىرى بىلەن بىر كۈن دەم ئالماي، بىر ئوتلام سۇ ئىچمەي ئېتىشىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغانلىقىغا بۇ يىل 10 - ئايدا 55 يىل توشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتىمەن.

ئەنجان باينىڭ دادىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپالدىكى كونا بازارنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇرۇشلۇق، ياماندىن قورقمايدىغان، يۇۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان باقى باي دېگەن كىشى ئىدى. مېنىڭ دادام سوۋېتكە 6 قېتىم چىققان كىشى بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن سەل ئىلگىرى 4 - قېتىم سوۋېتكە چىقىپ تاشكەنتتە تۇرغان چاغدا باقىئاكام بىلەن تونۇشۇپ ياخشى ئۆتكەن ئىكەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىزدىشىپ تۇراتتى. باقى ئاكام جۈمە كۈنى تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىغا جۈمەباي دەپ ئات قويغان، كېيىندىن تۇغۇلغان قىزىغا ئايمۇتوللاخان (كىشىلەر ئايتۇللاخېنىم دەيتتى) دەپ ئات قويغان. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئەنجانغا كەلگەندە، توختى ئايىم ئاچا يەنە بىر ئوغۇل تۇغقان. بۇ ئوغلىغا سەپەر خاتىرىسى سۈپىتىدە «ئەنجانباي» دەپ ئات قويغان. كىچىك ئوغلى قادىرخان ئىدى. ئەنجانباي كىچىكىدىن ئەقىللىق بالا بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۇ. 40 - يىللارغا كەلگەندە خەلق ئارىسىدا نامى چىقىدۇ. ئۇ ئېگىز بويلۇق، تەمبەل، ساغۇچ، بۇرۇت قويۇۋالغان، قاڭشارلىق، گەپنى ئۇدۇل قىلىدىغان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ چاغلاردا تاغام ئېزىزبەگنىڭ دۇكىنىدا كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، كېيىن بىر مەزگىل كۆرۈنمىدى. 1944 - يىلى ئەتىيازدا بولاقسۇ يېزىسىنىڭ بورا دېگەن يېرىدە بولىدىغان يەكشەنبە بازار كۈنى تاغامنىڭ دۇكىنىغا كەلسەم، ئۇ پىچاق كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. «ئەنجانباي ئاكا، سىلىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، نەگە بېرىپ كەلدىلە» دەپ سورىدىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: « مەن باشقا يەرگە بارمىدىم ئۇكام، گومىنداڭنىڭ

تۇرمىسىنى كۆرۈپ كەلدىم» دېدى. شۇ چاغدا ئۇ تۇرمىدىن يېڭى چىققانىكەن. شۇ يىلى يازدا ئوپال بېگىنىڭ ئەركە - نايناق ئوغلى يولسىزلىق قىلغاچقا، ئۇ ئۇنى ئۇرغان، نەتىجىدە شۇ كېچىسى تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىلگەن. دادىسى ئىز دېرىكىنى ئالالمىغان، 45 - يىلى ئەتىيازدا تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆيىگە كېلەلمەي، ئوپال بازىرىنىڭ غەربىدىكى تاغقا چىقىپ كەتكەن. تاغدا قالبېك (قىرغىز) بىلەن تونۇشۇپ ئۆيىگە خەۋەر بېرىپ ئاكىسى، ئىنىسىنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان، يېقىنلىرىدىن يەنە نەچچە كىشىمۇ يېتىپ كەلگەن. قالبېكنىڭ ئىشەنچلىك قوشنا ئاۋۇللىرىدىن 4 كىشى كەلگەن. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئەنجانباينىڭ يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بىراق ئادەم قورال - ياراغنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ 4 قوراللىق ئەسكىرى يۈك ئارتىلغان 8 تۆگىنى ئويتاغ تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كېچىسى قونغان يېرىدە جىمىقتۇرۇپ، تۆگىلەرنى ئۆزى تۇرغان جايغا ئەپكەلگەن. تۆگىدىكى يۈكنىڭ كۆپ قىسمى قورال - ياراغ، ئاز قىسمى يېمەكلىك، كىيىم ئىكەن، ئەنجانباي ئۆزۈندىن بېرى ئويلىغان خىيالىنىڭ ئەمدى رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولغان. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ، بۇرادەرلەر 11 ئادەم بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، قوراللارنى ھازىرچە كۆمۈپ قويۇپ تۇرايلى دەيدۇ. بەختكە يارىشا تۆگە يېتىلىگەن بالا ئەنجانباي بىلەن تۇرمىدە بىللە ياتقان بوۋاينىڭ ئوغلى نەسىردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار تاغ يوللىرىغا پوس قويۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ. كېچىسى يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ، ۋاقتىنچە ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر سوۋېت - تاشقورغان چېگرىسىدا تاجىك، قىرغىز پارتىزانلارنى تۈركۈم بويىچە تەربىيىلەۋاتاتتى. بۇنىڭ شامىلىنى بىلگەن گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى يېزىلاردىن ئەسكەر ئېلىشقا باشلايدۇ. ئوپال تاشمىلىقتىن ئەسكەر ئېلىشنى تاشمىلىق لەڭزىدە تۇرىدىغان ئەيسا ليەنجاڭغا تاپشۇرىدۇ. ئۇ ئوپالغا كېلىپ بەگ، يۈزبېشىلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ، 93 نەپەر ياشنى ئەسكەرلىككە تىزىملايدۇ. ئەنجانباينىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، دادىسى باقى ئاكام تىزىمغا ئېلىنغان ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ، 47 نەپەر ياشنى ئوغۇللىرى تۇرۇۋاتقان جايغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۆزىمۇ كېچىسى ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ باللىرى بار تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئەنجانباي كۆمۈپ قويغان قوراللىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، 68 كىشىنىڭ ھەممىسىنى قورallandۇرىدۇ. قالبېك يېڭى كەلگەنلەرگە مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەيسا ليەنجاڭ ئۆزى تىزىملىغان ياشلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئاچچىقلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتا، تاشقورغان قوزغىلىڭى باشلىنىدۇ. تەربىيە كۆرگەن قوراللىق پارتىزانلار 8 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، تاشقورغان تەۋەسىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ھۇجۇم باشلايدۇ. گومىنداڭ قىسىملىرى بىر بىرى بىلەن ئالاقىلىشالماي، پەرىشان ھالدا تاغ يوللىرى بىلەن شەرققە قاراپ قېچىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىق، پىيادە قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەنجانباي پارتىزانلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن قورچاق ئەسكەرلەر قالايمىقان ئوق ئېتىپ، ئات، قېچىرلىرىنى ۋە بەزى قوراللىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ ئەنجانباي ئەترىتىنىڭ تۇنجى غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەنجانباينى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىق دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 100 سەر ئالتۇن، 10 جىڭ نەشە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ قەشقەر بۆلىكىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي باشلىق بۇ ئېلاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنجانباينى ئويتاغقا چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى

www.uyghurkitap.com

تەبرىكلەيدۇ. ئاخىرىدا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن چىقارغان ھىيلىقى ئېلاننى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، ئىشپىيونلارنىڭ ھەرىكىتىدىن پەخەس بولۇشنى تاپىلايدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئازاد رايونلار ئىككىگە ئايرىلغانىدى. تاشقورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلار يېڭىسار بۆلىكى، ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلار يېڭىسار پولكى دەپ، تاشقورغاننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تاشقورغان، ئۇلۇغچات، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئازاد قىلىنغان جايلار قەشقەر بۆلىكى، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلار قەشقەر پولكى دەپ ئاتىلاتتى. پولكنىڭ تۇرىدىغان مەركىزى ئويتاغدا بولغاچقا، كىشىلەر تاشقورغان ئىنقىلابىنى ئويتاغ ئىنقىلابى ياكى ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى دەپ ئاتىغانىدى. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر بۆلىكىدىكى قوشۇنلار ئوپالنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەنجانباينىڭ ئەترىتى يەرلىك بولغاچقا، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىغا ھەر تەرەپتىن ماسلىشىپ، ناھايىتى چوڭ كۈچ چىقاردى. ئوپال ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەنجانباي خېيىمخەتەرگە قارىماي گومىنداڭنىڭ چەشتاغ، تاشمىلىق لەڭزىدىكى قىسىملىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، تاشمىلىق، بارىن رايونلىرىغا بېرىپ، ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇ ياشلارغا «ھازىر ئوپال ئازاد بولدى، پات ئارىدا چەشتاغ، تاشمىلىق لەڭزىنىمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋالىمىز، ئاندىن سىلەر بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىمىز، ھەممىڭلار تەشكىللىنىپ تەييارلىنىڭلار» دەيدۇ. ئوپال ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تېنىگە سىغماي قالىدۇ. ئەنجانباينىڭ قەشقەر بۆلىكىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى توغرىسىدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان ھاكىم شېرىپ ئۆزىنىڭ «تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا» دېگەن ئەسلىمىسىدە «ئۇ ۋاقىتتا مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان دېھقانلار ئىچىدە ئوپاللىق ئەنجانبايمۇ بار ئىدى. ئۇ ئادەم ناھايىتى ئۆتكۈر، قەيسەر، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان يۈرەكلىك ئادەم بولغاچقا، ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇنتۇلغۇسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. 1943 - يىلى مەن قەشقەر تۈرمىسىدىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، مىللىي ئىنقىلابنى قايسى يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ سۆھبەتتە بولغانىدىم. تۈرمىدىن چىقىپ مىللىي ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا، ئارىلىقىمىز يىراق بولغانلىقتىن، بىز زادىلا يۈز كۆرۈشەلمىدۇق» دەيدۇ. ئەنجانباي ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ، چەشتاغدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، چەشتاغقا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشنى پىلان قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئادىمى 200 گە يېتەي دەپ قالغانىدى. چۈنكى خېلى بۇرۇنلا ئەيسا لىيەنجاڭ تاشمىلىقتىن مەجبۇرى تۇتۇپ كەلگەن 45 نەپەر ئۇيغۇر ياش كېچىسى قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەترىتىگە قوشۇلغانىدى. ئوپال ئازاد بولغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خوجا ئابدۇراخمان قاتارلىق زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دېھقان ياشلىرىمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغانىدى. ئۇ ئادەملىرىنى 4 ئەترەتكە ئايرىپ، جۇمەباي، قادىرخان، نەسىردىن، قالىبېكنى بىردىن ئەترەتكە مەسئۇل قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى كېلىپ چەشتاغقا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، يېرىم كېچىدە چەشتاغنى ئالىدۇ ۋە نۇرغۇن قورال - ياراغقا ئىگە بولىدۇ، 21 دۈشمەن ئۆلىدۇ. پارتىزانلاردىن قۇربان بولغان تۆت كىشى ئەنجانباينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چەشتاغنىڭ غەربىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلىنىدۇ. تاڭ ئاتقاندا گومىنداڭ قىسىملىرى ئىككى تەرەپتىن يېتىپ كېلىدۇ. ئەنجانبايمۇ تاغدىن چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چەشتاغنىڭ شىمالىدىكى سايدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. دۈشمەنلەر ئەنجانباينى تىرىك تۇتۇشنى كۆزلەپ، ھەدەپ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىدۇ. مۇشۇ پەيتتە پودپولكوۋنىك قاسىم تاش 50 ئادەم بىلەن يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر چېكىنىدۇ. ئەنجانباي ئەترىتىمۇ ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا مەن ئەنجانباي پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن

تەييارلانغان 8 نەپەر ياشنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈنى ئىزدەپ 45 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ چىڭقى چۈشتە چەشتاغقا يېتىپ كەپتىمەن، ئەھۋالنى ئۇقۇپ بېقىشنى ئويلاپ تاغنىڭ تۈۋىدىكى يولنىڭ دوقمۇشىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرسام، بىر بوۋاي 15 ياشلىق ئوغۇل بالا بىلەن 7 ئېشەكنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كەلدى. ئىككىمىز بىر ئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇ ئىككى ئېشەكنى ئېلىپ قېلىپ ھېلىقى بالىنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئىككەيلەن ئېشەكنى يېتىلەپ ئۈچ ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىدىكى ئورمانلىققا كىرىپ ئولتۇردۇق. بوۋاي ساغان كەنتىنىڭ بارىنغا تۇتاش مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەسەن موزدوز دېگەن كىشى ئىكەن، مەن كېلىشتىكى مەقسىتىمنى دېدىم. ھەسەن ئاكا «ھىممىتىڭگە رەھمەت، خېلى جىگىرىڭ بار بالا ئىكەنسەن، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە جىن - ئالۋاستىمۇ دەسسىمەيدۇ. ئەنجانباي بۇ تاغدا ئەمەس، بەش كۈن ئىلگىرى چەشتاغدا بىر كېچە ئوق ئاۋازى توختىمىدى، سەھەردە ئوپالدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئىككى بالا قېچىپ كەپتىكەن، ئەتىسى كېچىدە يولغا سېلىپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە 25 ئادەمنىڭ قېنى چەشتاغقا ئېقىپتۇ، كۆپىنچىسى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر، قىرغىز باللىرى ئىكەن، ئەنجانباي تەرەپتىن ئۆلگەن تۆت ياشنى تاغنىڭ قىبلىسىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلغانىكەن، ھېلى ئەسكەرلەر ئېشەكتىكى ئۇن، ئوتۇننى چۈشۈرگىچە سىيگىلى بارغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بېشىغا بېرىپ ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىپ قويۇپ كەلدىم. بۇ زالىملار ئەنجانباي بۇركۈتنى چەشتاغقا چىقىرىپ، تىرىك تۇتماقچى ئىكەندۇق، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي، تاڭ ئاتقاندا ئىككى تەرەپ سايدا ئېتىشىپتۇ. شۇ چاغدا 33 - يىلدىكى ئىنقىلابتا تۇەنجاڭ بولغان ھېلىقى قاسىم تاش دېگەن كىشى ياردەمگە كەلگەچكە، ئەنجانبايلار سالامەت قايتىپ كېتىپتۇ» دېدى. مەن ئەنجانباي بىلەن ئۇچرىشالماي بوۋاينىڭ تەكلىپىگە رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەتتىم.

ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى ئوپالدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭ كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئېشىپ بىر تەرەپتىن ئەنجانباينى تىرىك تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا پو ئاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرۇن ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىدىن قورقۇپ ئوپال، تاشمىلىق يولىدىكى سايغا چىقالمايدىغان ئەسكەرلىرىنى گەز دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئويتاغقا ماڭىدىغان قارا كۆۋرۈككىچە ئەۋەتىپ ئەنجانباي پارتىزانلىرى بىلەن قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئەنجانباي گېنېرال ئىسھاق بېكنىڭ ئۆزىگە ھەربىي ئۇنۋان بەرگەن چاغدىكى «پات ئارىدا ئويتاغ قوماندانلىق شتابى سىزگە بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئۇ چاغدا سىز بىر پولك ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىسىز، تاشمىلىق لەڭزىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشتا پىداكارلىق كۆرسىتىڭ» دېگەن يولىيورۇقىنى ئويلاپ، دەرھال ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى نەسىردىننى چاقىرىپ، چەشتاغدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. نەسىردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ سەھەردە ئېشەكلىك كېتىپ بارغان بىر ئادەمگە ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن «نەگە بارىسەن» دەپ سورىسا، ئۇ «تاغدا قويۇم بار، مەن شۇ قويلىرىمنى كۆرۈپ كېلىشكە كېتىپ بارىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نەسىردىن بۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، بىللە كېتىۋېتىپ ئەنجانبايغا ئۇچرايدۇ. نەسىردىن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا يېڭى مەلۇمات ئالدۇق، دەپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. ئەنجانباي ھېلىقى ئېشەكلىك ئادەمگە يول باشلىتىپ تاشمىلىق لەڭزىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشپىيون كۆزدىن غايىپ بولۇشى بىلەن تەڭ لەڭزە ئىچىدىن بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، لەڭزىنىڭ ئىچى، تېشىنى ھەربىيلەر قاپلاپ كېتىدۇ. ئەنجانباي ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ نەسىردىننى ئادەملىرى بىلەن ھېلىقى ئىشپىيوننى جايلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزى 12 نەپەر يىگىتنى ئېلىپ ئەتراپنى ئورىۋالغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېتىشقاچ چېكىنىپ چەشتاغنىڭ شىمالىدىكى دۆڭلۈككە يېتىپ كېلىدۇ. چەشتاغ بىلەن ئوپال تاغلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سايىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىچى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. نەسىردىن ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ ئەنجانباينىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. دۈشمەنلەر بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىدۇ، ئۇنىڭ بەش ئادىمى قالغاندا باش شتاب ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياردەمگە ئەۋەتكەن 36 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر يېتىپ كېلىپ نەسىردىنگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار نەسىردىننىڭ قوماندانلىقىدا ئېتىشىپ نەچچە ئون دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ، جىددىي ئېتىشىۋاتقان پەيتتە نەسىردىننىڭ ئېتىغا ۋە بىر قولىغا ئوق تېگىپ دۈشمەنلەرگە ئەسىرگە چۈشىدۇ. ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلىدۇ، ئۈچ كىشى يارىدار بولىدۇ، بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشىدۇ.

جۇمەباي، قالىبېكلەرمۇ بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپ شىمال تەرەپتىكى دۆڭلۈككە يېتىپ كېلىدۇ، لېكىن گومىنداڭ قىسىملىرى مىلتىق، پىلىموت، قول بومبىلىرىنى ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن بىلەن بىر كۈن يۇخادىن چىققىچە ئېتىشىپ ئاخىرى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.

ئەنجانباي — ئەيسا ليەنجاڭ، خا ليەنجاڭلارنىڭ تىرىك تۇتىدىغان بىردىنبىر نىشانى ئىدى. ئۇ 12 ئادەم بىلەن بىر كۈن دەم ئالماي كۈن ئولتۇرغىچە بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ پىلىموت بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ. ئۈچ ئادىمى قالغاندا ئىنىسى قادىرخان ئىككى ئادەم بىلەن ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئەنجانباي قايتىدىن جانلىنىپ ئېتىشىۋاتقاندا، ئاۋۋال قادىرخاننىڭ ئېتىغا، ئاندىن قادىرخانغا ئوق تېگىپ جان ئۈزىدۇ. ئەنجانباينىڭ يېنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئەنجانباي پىلىموتىنى تاشلاپ قادىرخاننىڭ ئاپتوماتىنى ئېلىپ ئالدىغا كەلگەننى موللاق ئاتتۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئېتىغا ئىككى پاي ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلگەن ئاتنىڭ دالدىسىدا بىردەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىردەم يېتىۋېلىپ ئاپتومات بىلەن بەش دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ. دۇربۇن ئارقىلىق بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىككى ليەنجاڭ ئەنجانباينى تىرىك تۇتۇشقا كۆزى يەتمەي، ئۇنىڭغا قارىتىپ نەچچە تەرەپتىن ئوق چىقىرىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ سول قولىغا ئوق تېگىدۇ. ئەنجانباي ئاپتوماتنى تاشلاپ ئۆمىلەپ بېرىپ دۆڭگە تاشلىۋەتكەن پىلىموتىنى تۇتقاندا كۆكسىگە ئوق تېگىدۇ. ئۇ ئوڭ قولىدا پىلىموتنى تۇتقان پېتى دۆڭگە يۆلىنىپ جان ئۈزىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ قەپەزگە سولاپ يەكەن، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەرلەردە ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، ئوپالغا ئېلىپ كېلىپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان تېرەككە ئېسىپ، بىرنەچچە ئەسكەر خەلققە سۆزلەۋاتقاندا ئەنجانباينىڭ ئاچىسى ئايتۇللاخېنىم ئەسكەرلەرنى تىللاپ قاتتىق رەسۋا قىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزى تاشقورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن يېزىلغان «تاشقورغان ئىنقىلابى توغرىسىدا» دېگەن ئەسلىمىسىدە بېسىلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتا تەكرارلىمىدۇق. مەن يۇقىرىدا ئۆزەمنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابى جەريانىدا بېشىمغا كەلگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ ئەنجانباي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەنجانباينىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ئەلۋەتتە.

## ئىشپيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى

تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدىكى ئىنقىلابچىلار يەكەن، پوسكام ئەتراپىدا گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا، قەشقەر بۆلىكىدىكى ئىنقىلاپچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. بىرى، ئىنقىلابچىلار ئوپالدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئىككىنچىسى، تاشمىلىققا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلىپ قالدى. ئۈچىنچىسى، ئەنجانباي پارتىزانلىرى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ تۈگىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنى ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىكىنىڭ ھوشيارلىقى يېتەرلىك بولماسلىقى، تەشكىلىي ئىنتىزام چىڭ بولماسلىق ياكى ئايرىم كىشىلەردە مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىقنىڭ

ساقلانغانلىقىدىن بولغان دېسەكمۇ، ئاساسلىق سەۋەب، ئېشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەنجانباينىڭ مەغلۇبىيىتى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئاساسەن يېزىلاردىكى مۇتەئەسسىپ، فېئودال يەر ئىگىلىرى، شەھەر ۋە يېزا، قىشلاقلاردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، گومىنداڭ ئەزالىرى، مەكتەپلەردىكى ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى يەر ئىگىلىرى ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ياقىلايدىغانلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن: تاشمىلىقنىڭ ئارال دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت بەگنى (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) ئالساق، ئۇ، گومىنداڭغا سېتىلغان كەسپىي ئىشپىيون بولۇپ، جياڭ جېيشىنىڭ ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 20 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى بەرگەن، پۈتۈن تاشمىلىق رايونىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. تاشمىلىق لەڭزىنىڭ پۈتۈن قوراللىق پائالىيىتى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان. گومىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىش، ئۇنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئەينى چاغدا بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئۈچ ۋەقەدىمۇ ئۇنىڭ زەھەرلىك قولى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغانىدى. تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىپ يېڭىسار تەرەپكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئەمەت بەگنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس بەگ، ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى زەيدىن بەگ (زەيدىخان شاڭزۇڭمۇ دەيتتى، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) تاشقورغاندا سودا قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى، بۇ ئىككىسى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ روتا كوماندىرى بولۇپ ماڭىدۇ. ئەمەت بەگ ئىككىسىگە ئاستىرتتىن خەت يېزىپ، قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زەيدىن بەگ بىر قىسىم ئادىمىنى تاغ ئۈستىدە قويۇپ ئۆزىگە ئىشەنچلىك 17 ئادەم بىلەن پەسكە قاراپ ماڭىدۇ. مېڭىش ئالدىدا «بىز پەستىكى گومىنداڭچىلارنى ئالداپ ئېلىپ چىقىمىز، بىزنى كۆرگەن ھامان بىزگە ماسلىشىڭلار» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. پەستە ئەمەت بەگنىڭ قوراللىق ئادەملىرى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ يالغاندىن ئۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرىدۇ. يولۋاس بەگ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئاخىرغىچە ئىنقىلاب قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ ئىنقىلابىي ئائىلە قاتارىدا تاشمىلىقنىڭ بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ياشاپ كەلمەكتە. زەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمەت بەگ تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باش شتابىغا بەش كىشىلىك ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بەش ئېشەككە ئۇن، گۈرۈچ، ئىككى ئېشەككە كىگىز، كىيىم - كېچەك ئارتىپ، ئەمەت بەگنىڭ بىر پارچە ھال سوراش خېتىنى ئېلىپ، ئويتاغقا يېتىپ كېلىدۇ. تاجىك، قىرغىز خەلقى ئەمەت بەگنى ياخشى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەكنى قارشى ئېلىپ كۈتىدۇ. ئۆمەكتىكىلەر ئەمەت بەگنىڭ مېڭىش ئالدىدىكى مەخپىي تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ تاغدىكى قوي، يىلقىلىرىدىن 35 تۇياق قوي، ئىككى جۈپ ئاتنى شتابقا تەقدىم قىلىدۇ. ئويتاغ باش شتابى ئەمەت بەگنىڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەكتىكىلەرنى 15 كۈن تۇرغۇزۇپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئەھۋالىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى سىرىنى ئەمەت بەگكە دوكلات قىلىدۇ. ئۇ تاشمىلىق لەڭزىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنقىلابچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئىگىلەپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەمەت بەگ زەيدىن بەگنى ئېلىپ 17 نەپەر قوراللىق ئادىمى بىلەن يەنە بىر بۆلۈك ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ ئويتاغقا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يالغاندىن ئىنقىلابچى بولۇۋېلىپ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەت بەگ، زەيدىن بەگ بىلەن ئىككىسى قورال - ياراغ ئامبىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ قوراللىق ئادەملىرىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلىدۇ. ئۇلار پەيت كۈتۈپ تۇرغاندا، 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى سوۋېتلىكلەر قايتىپ كېتىپ، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى ئەسكەرلەر

ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئەمەت بەگ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى زەيدىن بەگ ئۆزلىرىگە قاراشلىق قورال ئامبىرىدىكى زاپاس قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى تۆگىگە ئارتىپ، تاشمىلىققا قايتىپ كېلىپ، تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن بىر پاكىت. بۇ ۋاقىتتا تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدە ھەربىي باشلىق بولۇپ تۇرغان ئىسكادىرون كوماندىرى يولداش ھاكىم شېرىپ ئۆز ئەسلىمىسىدە «مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىنمۇ بىرقانچە ئۇيغۇر دېھقانلار كېلىپ مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن، لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئاتالمىش يۇرت ئاقساقاللىرى دېگەنلەردىن ئەمەت بەگ، زەيدىن شاڭزۇڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئەمما 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېتلىكلەر قايتىپ كېتىپ، ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىنگەن چاغلاردا ئەمەت بەگ مەسلىھەتچى، زەيدىن شاڭزۇڭ قورال ئامبىرىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق بىرنەچچە 10 ئەسكەر بىلەن بارلىق زاپاس قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى تۆگىگە ئارتىپ، گومىنداڭچىلار ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدىكى بىر قېتىملىق خائىنلىق ۋەقەسى بولۇپ قالغان» دەيدۇ.

## گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى

1946 - يىل 6 - ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئۇرۇش توختىتىپ، قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ساقچىلىرى يەرلىك ئىشپىيونلار بىلەن بىرلىشىپ تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ياكى ماددىي ياردەم بېرىپ قويغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، 11 ماددىلىق بېتىمنى چۆرۈۋېتىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇستەبىت ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جادۇغا بېسىپ كاللىسىنى ئېلىش، پۇت - قولىنى باغلاپ تىرىك كۆمۈش، بېشىنى كېسىپ سازايى قىلىشقا ئوخشاش ھەرخىل ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئىنقىلابچىلارنى قىرغىن قىلدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقنى ئىگىلەپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت تەشكىل قىلغاندا، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مۇھەممەت قاسىم ھاجى، مەسلىھەتچى راشىدىن مۇپتى قاتارلىق نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى قىلىچ بىلەن چاناپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكەنلىكى، ئىنقىلابچىلار 1945 - يىل 9 - ئايدا يېڭىسار تەرەپكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، 1934 - يىلدىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ «باتۇرغازى» دەپ نام ئالغان يېڭىسارلىق بەختىيارخاننىڭ ئوغلى ھەسەن ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ئىچىدىن شۇ چاغدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانxxxنى پۇت - قولىنى باغلاپ تىرىك كۆمۈۋەتكەنلىكى، قۇشقاچ بېغى يېزىسىدىكى ئەھەتخان باي قاتارلىق 3 كىشىنى يېڭىسار، يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ يېنىدا پىشىن ۋاقتىدا جادۇغا بېسىپ كاللىسىنى ئالغانلىقى، ئەنجانبايىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ سازايى قىلغانلىقى، يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ تولۇق دەلىلى بولالايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

(بېشى 24 - بەتتە)

(بېشى 24 - بەتتە)

بولسىمۇ، بۇ ئىككەيلەن نېمىشقا ئەسلىدىكى خىزمىتىگە قويۇلمىغان؟ بۇلار مەھمۇت سىجاڭ قەشقەردىن قاچقان 2 - ئاپرېل كۈنىلا قۇربان، ئەخمەتلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، يېڭىشەھەرگە ئاپىرىپ بېرىلىپ قاماقتا يوقىتىپ تاشلاندى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا: قۇربان نىياز بىلەن ئەخمەت مەسۇملەر مەخمۇت سىجاڭنى يوقىتىش ئۇچۇن شىڭ شىسەي ئالدىدا قەسەم ئىچكەنلىكتىن، غوپۇر ۋە ئابدۇشۇكۇرلەر بۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى سىجاڭغا ۋاستە ئارقىلىق مەلۇم قىلغانىكەن، مەھمۇت سىجاڭنىڭ قېچىشقا مەجبۇر بولۇشى ئەنە شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بولغانىدى.

⑨ ھۇسىيىن دۇيجاڭ — بۇرۇن مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىدى، لېكىن ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئاينىغان، ئۇ ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندە ئاللىقاچان بۇزۇلغان بولۇپ، 2 - پولكنىڭ كوماندىرلىق مەنسىپى بىلەن قاتراپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن «شاپتۇل» ئابدۇغوپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقانلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە يوقالغانىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - ھاقارەت سۆزلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

مۇختەر ئابدۇرېشىت

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىدىن)

ئۇيغۇر خەلق فولكلورى تەتقىقاتىدا خەلق قوشاقلىرى، چۆچەك، لەتىپە، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىلگىرىلەشلەر بولدى. نۇرغۇن فولكلور ئەسەرلىرى توپلاندى ۋە تەتقىق قىلىندى. ئەمما، فولكلورنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرى بولغان مەدھىيە سۆزلىرى ۋە تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلدى، بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. مۇھىمى تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنىڭ تىلىمىزدىكى ئورنى، رولى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇش چوڭقۇر بولمىدى. دۇنيادا، جۇملىدىن ئۆز يېنىمىزدىكى قازاق خەلقى ئىچىدە بۇ تېمىغا بۇرۇنلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، «قازاق خەلقىنىڭ تىل - ھاقارەت سۆزلىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلار نەشر قىلىندى.

ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا دائىم دېگۇدەك جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىستېتىك كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى، باھاسى، مۇئامىلىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئەجدىھانى بالايى - ئاپەتنىڭ يىلتىزى دەپ قارايمىز، خەنزۇ خەلقى بولسا ئۇنى توتېم دەرىجىسىدە ئەتىۋارلاپ، ئۆزلىرىگە سىمۋول قىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار تارىختا كۆك بۆرىنى توتېم قىلغان، ئەمما، باشقا بەزى مىللەتلەر ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋان دەپ يامان كۆرىدۇ، خۇددى شۇ سەۋەبلىك مىللەتلەرنىڭ ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرۈش ئادەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇڭا، تىل - ھاقارەت سۆزلىرىدىمۇ روشەن ئالاھىدىلىك ۋە پەرقلەر بولىدۇ. تىل - ھاقارەت سۆزلىرىمۇ باشقا سۆزلەرگە ئوخشاش شۇ بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇڭا، ئۇنى فولكلور ئىلمى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ بېقىش ئەھمىيەتلىك ئىش.

تىل - ھاقارەت سۆزلىرى — بىر خىل تىل سەنئىتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئانا تىلنىڭ بايلىقى ۋە خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئەيىپلىمەكچى، ھاقارەتلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسسىياتىغا پەنج ئۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى تىل ماھارىتى بولۇشقا، تىل سەنئىتىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

تىل - ھاقارەت سۆزلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: جىنسىيەتنى ئېغىزغا ئېلىپ تىللايدىغان سۆزلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئەخلاقىنى قانچىلىك مۇھىم بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن قىز - چوكانلارنىڭ ئىپپەتلىك، شەرمى - ھايالىق بولۇشىنى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئايال تۇغقانلىرىنى باشقىلارنىڭ جىنسىيەت بىلەن باغلاپ تىللىغىنىنى ئاڭلىسا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇلار ئانا، خوتۇن، ئاچا - سىڭىللارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى، ئىلاھ سۈپىتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس كىشىلەر ھېسابىدا كۆرۈپ ئىززەتلەپ، قەدىرلەپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەرلىرى باتۇر، ئىشچان، ئاقكۆڭۈل، پەزىلەتلىك بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى، ئەرلىك سۈپىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، «ھېجىقىز»، «لاتاغىلاپ» دېگەندەك تىل - ھاقارەت سۆزلىرى ئەرلەرنىڭ غورۇرىنى سۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن تىل - ھاقارەت سۆزلىرى ناھايىتى سەت، پاسكىنا، تېتىقسىز بولسىمۇ، ئۇ يالغۇز تىل بايلىقى، سەنئىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر مىللەتنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، تۇرمۇش قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم فولكلور تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك، رىئايە قىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ھاقارەتلىك سۆپەتلەرگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چەكلەپ تۇرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چەت ئەللەردە تەتقىقاتچىلار



www.uyghurkitap.com

تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى توپلاپ لۇغەت قىلىپ تۈزۈپ چىققان، بەزىلەر ئادەتتىكى لۇغەتلەرگە سىغداپ كىرگۈزۈۋەتكەن. بىزمۇ تىلىمىزدىكى بۇ بايلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەي، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىمىز زۆرۈر بولسا كېرەك. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشىم ۋە كۆزقاراشلىرىمنى يېزىپ باقتىم، كەسپداشلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، مەلۇم ئۈنۈم بەرسە ئەجەپ ئەمەس.

## 1. جىنسىيەتنى ئېغىزغا ئېلىپ تىللاش

جىنسىيەت ھادىسىسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق. لېكىن ئۇنىڭ شۇ مىللەت كىشىلىرى ئېڭىدىكى تەسىرى، ئورنى ئانچە ئوخشاش ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئىددەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. قىز - چوكانلارنىڭ ئىپپەتلىك يۈرۈشى ھەممىدىن مۇقەددەس قارالغان. شۇڭا جىنسىيەت ھاقارىتى ھەرقانداق ھاقارەتتىنمۇ يامان دەپ قارالغان. ئۇيغۇرلار ئايال تۇغقانلىرىنى باشقىلارنىڭ جىنسىيەت بىلەن باغلاپ تىللىغىنىنى ئاڭلىسا تولىمۇ غەزەپلىنىدۇ. بولۇپمۇ خوتۇنۇڭنىxx دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، خوتۇنلۇق ئەرلەرنىڭ جېنى چىقىدۇ. ئانا، خوتۇن، ئاچا - سىڭىل ئۇيغۇرلاردا ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىززەتلىنىپ كەلگەن، ئاياش، ئاسراشنىڭ ئوبيېكتى بولغان. چۈنكى ئاياللار ئالدى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئانىسى، ھاياتلىقنىڭ ئاپىرىدە ئەتكۈچىسى ھەم پۈتۈن مېھرى - مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئاياللار ھەممىدىن ئۇلۇغ، مۇقەددەس، ئۇلار جەمئىي ھەمدۇسانا، ھۆرمەت ۋە شەپقەتنىڭ ئوبيېكتى بولۇشقا لايىقكى، ئۇلارنى يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەشكە، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن خورلاشقا ھەرگىز مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ۋە ئاياللارنىڭ پاسىبانى بولغان ئەرلەر ئاشۇنداق ھاقارەتنى ھەممىدىن بەك ھار ئالىدۇ. ئادەم تىللىغۇچىلارمۇ ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

## 2. جىسمانىي ئەيىپنى ئېغىزغا ئېلىپ تىللاش

ھەرقانداق مىللەت ئىچىدە مېيىپ، ئاجىز، ئەيىپ - ئىۋەنلىك ئادەملەر بار. بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئەيىپ - نۇقسانلىرى بولغاندىن باشقا، بىر قىسىم ئادەملەردە خۇي - مىجەز سەۋەنلىكلىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. كىشىلەرنىڭ ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، ئەخلاق - پەزىلەتنى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مىزانى قىلىدىغان كىشىلەر جىسمانىي ئەيىپنى ئەيىپ ھېسابلىمايدۇ ھەم ئۇنى ئادەم تىللايدىغان دەستەككە ئايلاندۇرۇۋالمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەيىپىنى ئېغىزغا ئېلىشتىن ساقلىنىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەردە شۇنداق يارىماس ئادەت باركى، بىر كىشىنىڭ ئەيىپىنى كۆرۈپلا قالدىمۇ-بولدى، پۇرسەتنى تېپىپ بىر دەۋالىدۇ. مەسىلەن: توكۇر، چولاق، قارىغۇ، گاس، تاز، قارىۋاي، چوقۇر، قورۇق، سېرىق، پىتكۆز، كومشابۇرۇن، پاناق، كالاچ (ئېغىز)، خاپان باش، دوك (دۇمچەك)، پەتەك (پاكار)، دوزاق شوتىسى، شاداپاچاق (بويى ئېگىز)، ئاۋاق، ئورۇق، پورداق (پورسېمىز)، پۇچۇق، دوقا، ئوراكۆز، كۆك كۆز، قىسماق كۆز، دورداي كالپۇك، كۆكۈ (پاكار ھەم ۋىجىك)، لومپا (ئېگىز ھەم سېمىز ئايال). بۇنداق سۆزلەرنى كىشىلەر ئادەم تىللاشتا ئىشلەتكەندىن باشقا، شۇنداق كىشىلەرگە لەقەم قىلىپمۇ ئىشلىتىدۇ. بۇنداق يارىماس تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرىمىزنى ئىزگۈ نىيەتلىرىمىزگە تاقاپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقساق، ئۇيغۇرلىرىمىز بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل نەسلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىسمانىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇشقا زورۇقۇپ باقتىمىكىن، دەپ ئويلايمىز. بىراق، شۇ نەرسە ھەممىمىزگە مەلۇم ئەقەللىي ساۋاتكى، روھىي زەئىپلىكتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، جىسمانىي كامالەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## 3. ھايات بىختەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ تىللاش

خۇددى ئادەملەرنىڭ جېدەل - ماجىرالىرىنى چاغلىۋالغىلى بولمىغىنىدەك، ئىشلىتىدىغان ۋاستىسىنىمۇ مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇرۇپ - تىللاپ، غەزىپىنى بىلدۈرگەندىن باشقا ئەڭ تېرورلۇق سۆزلەر بىلەن تەھدىت سالىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر مۇنداق قىلمىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، جېنىڭنى ئالىمەن، قېنىڭنى ئىچىمەن، چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن، پېيىڭنى قىرقىۋېتىمەن، مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن، تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن، قۇلىقىڭنى يۇلىۋالىمەن، كۆزۈڭگە قولۇمنى تىقىۋېتىمەن، بۇرنۇڭنى چۇۋۇۋېتىمەن. . . بۇنداق ھايات بىختەرلىكىگە تەھدىت سېلىش كۆپىنچە غەزىپىنى باسالمىغاندا قىلىدىغان تەھدىت سۆزلەر خالاس. لېكىن ئۇيغۇرلاردا شۇنداق ۋەھىملىك سۆزلەر ئىشلىتىلىپلا قالماي، ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

## 4. ھاقارەتلىك بەدنام بىلەن تىللاش

بۇ خىلدىكى ئادەم تىللاش سۆزلىرى بىزدە ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىن تەرەققىي قىلغانمىكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز.

1) ئەقلى - ھۇشى جەھەتتىن ھاقارەتلەش سۆزلىرى

دۆت، كالۋا، ساراڭ، مەتو، خۇدرى، قاپاق باش، ھاڭۋاقتى، مېڭىسىنىڭ سۈيى بار، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان، كاللىسىنىڭ دەردى بار . . .

2) ئىپپەت - نومۇسنى تىللاش سۆزلىرى

ئەرلەرنى كۆرسىتىدىغىنى:

زىناخور، پاھىشىۋاز، خوتۇنباز، دەللال، سولامچى، شوپاڭچى، بەچچىۋاز، ھىجىقىز، ھەزىلەك، كۆت، خۇمسى، ناجىنىس، شورۋىچى...

ئاياللارنى كۆرسىتىدىغىنى:

جالاپ، شاپاقچى، شاللاق، داپشاق، بۇزۇق، ئەركەكزەدەك، تويماس، يەمخور...

ئەر - ئايال ئىككى تەرەپكە تەڭ ئىشلىتىلىدىغىنى:

دەللال، سولامچى، شورۋىچى، شوپاڭ، شاللاق، داپشاق، غىلجىڭ، يۈزى قېلىن، داپ يۈز.

3) ئەرلىك پەزىلىتىنى ھاقارەتلەش سۆزلىرى

لامزەللە، ئىپزىلەڭگۈ، لۆملۆم، مىس - مىس، پىس - پاس، مازپاينەك، لاتا غىلاپ، توخۇيۈرەك، زەيپانە، خوزىۋانەك، نان يېمەس، مىجىمەرۇق، بىلىبوش، بىلىگە سۈيقاش بارمىغان، پىخسىق، مازياڭاق، چىڭگىز، هارامزادە، ئۆلۈك، تېتىقسىز، لاۋزا، سولاش...

4) تىل پەزىلىتىنى ھاقارەتلەش سۆزلىرى

كاس - كاس، ۋات - ۋات، كوت - كوت، ۋىت - ۋىت، ئۇششاق سۆز، سۇخەنچى، پوچى، پاخپاق، غەيۋەتچى، گەپ خالتىسى، ئالىجوقا، گېپىنىڭ تۇتامى يوق...

5) ئادىمىيلىكىنى ھاقارەتلەش سۆزلىرى

پورداقچى، كۆتۈرمىچى، تەخسىكەش، داسقانچى، خۇشامەتچى، يالاقچى، چاپانچى، يۈندىخور، قىتلانما، يۈنداپۇرۇش، ئىپلاس، نىجىس، نەس، پەس، نائەھلى، نائىنساپ، ۋىجدانسىز، ئالدامچى، قويمىچى، مۇتىھەم، بالاخور، بۇلاڭچى، قاراقچى، يانچۇقچى، ئوغرى، ئاچكۆز، تويماس، پىخسىق، چىڭگىز، يۈزى قېلىن، داپ يۈز، ئاقنانچى، نان قېپى، كۆڭلى قارا، مەرەز، ئەبگا.

6) دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ھېسسىياتنى ھاقارەتلەش سۆزلىرى

كاپىر، جوھۇت، خاۋارىج، مۇناپىق، لەنەتگۆر، كىسپۇرۇچ، دوزىقى، بىدئەت...

بىرىنچى تۈردىكى سۆزلەردە ئادەملەرنى ئەقلىي جەھەتتىن قارىلاش بىلەن بىرگە ھۇشيار، چىۋەر، بىلىملىك بولۇشقا ئۈندەشتەك ئىجابىيلىق يوشۇرۇنغان. ئىككىنچى تۈردىكى سۆزلەردە ئېغىزغا ئالغۇسىز پەسكەش سۆپەتلەر ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەدە تولىمۇ سەزگۈر ئىكەنلىكى، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ قاراپ، بەك ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى تۈردىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەركەكچىلىككە، مەرت، گاڭگۇڭ بولۇشقا، ئىشچان، تىرىشچان بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. تۆتىنچى تۈردىكى سۆزلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز سەنئىتىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، تىل ئەخلاقى ئادەم كامالىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ قارالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بەشىنچى تۈردىكى ھاقارەت سۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھالال مېھنەت بىلەن غۇرۇرلۇق ياشاش، دىيانەتلىك ئادەم بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالتىنچى تۈردىكى ھاقارەت سۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىلىرىگە ساداقەتمەن بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

### 5. شەرتلىك ئىشارەت بىلەن تىللاش

قارشى تەرەپكە ھايالىق يەرلىرىنى ئىما قىلىپ ھاقارەت قىلىش، بارماقلىرى ۋە بىلەكلىرى بىلەن شەھۋانىيلىقنى كۆرسىتىش قاتارلىق بەدەن ئىشارەت تىللىرى باشقا ھاقارەت سۆزلىرىگە قوشۇلۇپ خىزمەت قىلىپ، جېدەللەشكەنلەرنىڭ ئاداۋىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

### 6. لەنەت ياغدۇرۇپ تىللاش

ئۇيغۇرلار ئەيىپلىمەكچى بولغان ئادەمنى ھەرخىل ئاھانەتلىك ئىبارىلەر بىلەن تىللىغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، سالاھىيىتىگە لەنەت ياغدۇرۇپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن: «ئاتاڭغا لەنەت»، «ئاناڭغا لەنەت»، «ئىبىست سەندەك ئەركىشى بولغىچە»، «سەندەك ئايال بولغىچە»، «سەندەك پەرزەنت بولغىچە»، «سەندەك كادىر بولغىچە»، «سەندەك باشلىق بولغىچە»، «نومۇس قىلساڭچۇ»، «نى ئات، نى نومۇس»، «ئۆلسەڭچۇ»...

### 7. قاغاپ تىللاش

ئۇيغۇرلاردا جېدەل - ماجىرالار ئەۋجىگە چىقىپ، زەربە يەپ، لايىقىدا جاجىسىنى بېرەلمىگەندە قاغايدىغان ئادەتمۇ بار. قاغاش سۆزلىرى كۆپىنچە رەنجىگەنلەر رەنجىتكەنلەرنى، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنى، ياخشىلار ئەسكىلەرنى قاغىغاندا قوللىنىلىدۇ. گەرچە «ئىتنىڭ قاغىشىغا پىت ئۆلمەس» نى ھەممە بىلسىمۇ، قاغاشنىڭ ۋەھىمىسى، ئىبرەتچانلىقى باشقا تۈردىكى ھاقارەت ۋاستىلىرىدىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن: «جۇۋاينىمەك كېتەرسەن»، «بېشىڭنى يەرسەن»، «تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالۇر»، «كۆزۈڭ قارىغۇ بولۇپ قالۇر»، «خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن»، «يەر يۇتۇپ ئۆلەرسەن»، «كېپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشماس»، «ماشىنا تېگىدە قالارسەن».

### 8. ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ تىللاش

ھايۋان، ئۇچارقۇش ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار كالىنى

www.uyghurkitap.com

ئەدەپسىزلىك، قائىدىسىزلىك، دۆت - كالاۋچايلىقتا تەقلىد قىلسا، خەنزۇلار كالىنى ئىشچانلىقتا، سەممىيلىككە، كەمتەرلىككە سىمۋول قىلىدۇ؛ ھىندىلار كالىنى مۇقەددەس بىلىپ، تېۋىنىدۇ. ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىتنى مىجەزى ئوسال، پەسكەش، ئورۇشقاق ئادەملەرگە سىمۋول قىلىپ تىللىسا، ئېنگلىزلار ئىتنى سادىق ھەمراھ، دوست دەپ قارايدۇ. ئىتقا چىرايلىق ئىسىم قويۇپ، كىيىم كەيدۈرۈپ، يۇيۇپ - تازىلاپ، ئاغرىپ قالسا داۋالىتىپ تۇرىدۇ. ھەتتا، ئۆلۈپ قالسا قەبرە قاتۇرۇپ دەپنە قىلىدۇ، ماتەم تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر قىسىم ھايۋانلاردىن پايدىلىنىپ ئادەم تىللايدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: قىلىقى سەت، يۈزى قېلىن ئادەملەرنى «چوشقا» ؛ ئاخماق، گول، كالتەپەم، بويى ئېگىز، دىتى يوق، ھاماقەت ئادەملەرنى «تۆگە» ؛ جاھىل، كاج، قىرچاڭ ئادەملەرنى «خېچىر» ، «ئېشەك» ؛ خۇيى ئوسال ئاياللارنى «قانجۇق» ؛ ھىيلىگەر، قۇۋ، پۇرسەتپەرەسلەرنى «تۈلكە» ؛ دائىم گەپ - سۆز بىلەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، تايىنى يوق ئىشلار بىلەن باشقىلارغا دوق قىلىدىغان، زەربە بېرىدىغان كىشىلەرنى «چايان» ؛ يەپ تويمايدىغان، نەزىرى پەس، ئاچكۆز ئادەملەرنى «كالا» دەپ تىللايدۇ.

## 9. سالاھىيىتىنى، جەمەتىنى، مەنسۇبىيىتىنى كەمسىتىپ تىللاش

بىر قىسىم كىشىلەر ئادەم تىللىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىناۋىتى ۋە پەزىلىتىنى پەسلەشتۇرۇپ، ئاندىن يۈرىكىگە نەشتەر سانچىيدۇ. مەسىلەن: «ئىتنىڭ بالىسى» ، «جالاپنىڭ بالىسى» ، «ھارامدىن بولغان» ، «پىت يەيدىغان» ، «پوق يەيدىغان» ، «بەز يەيدىغان» ، «ئىتنى ئەمگەن» ، «توخۇ پوقى» ، «ھايۋان» ، «يالاڭ تۆش» ، «گاداي» ، «سولتەك» ، «دىۋانە» ، «قەلەندەر» ، «شۇم قۇش» ، «شۇمئوغلاق» ، «يېتىم ئوغلاق» ، «قوڭالتاق» ، «چۈپەي» ، «چاكىنا» ، «ئاشقان - تاشقان، داردىن قاچقان» ، «يۇگۇرسە چۈشۈپ قالىدىغان» . . .

ئۇيغۇرلار ئىچىدە بەزى ئادەملەر مۇشۇنداق تىل - ھاقارەتلەر ئارقىلىق پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنى چاياندەك چېقىپ، كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىپ، كىشىلەرنى دۈشمەنلەشتۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر پەس، ئەخلاقسىز، مېھرى - شەپقەت، ۋاپا - ئىنساپنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

## 10. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - ھاقارەت ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1) ئۇيغۇرلار ئەڭ قاتتىق ھاقارەت جىنسىي ھاقارەت دەپ قارايدۇ. جىنسىي سەتچىلىكنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سەتچىلىك، ئەڭ چوڭ خورلۇق، دۇنيادا ئۇنىڭدىن نومۇسلۇق ئىش يوق، دەپ بىلىدۇ. ئىپپىتىنى ساقلىيالىغان قىز - چوكانلار، ئايال تۇغقانلىرىنىڭ ۋە خوتۇنىنىڭ ئىپپىتىنى قوغدىيالىغان ئەرلەر دۇنيادا ھەممىدىن بەختلىك ۋە بىگۇناھ، يۈزى يورۇق ھېسابلىنىدۇ.

2) ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى جېدەل - ماجىرالار ئاساسەن تىل - ھاقارەتلىك ماجىرالار بولىدۇ. كۆپىنچە قولدىن ئېغىزى ئىتتىك بولىدۇ. «تاياق يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس» دېگەندەك، باشقا خىل ئادەتكە قارىغاندا، تىل - ھاقارەتنىڭ ئاداۋىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولىدۇ، ئۇنى ئاسان يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ.

3) ئۇيغۇرلار مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر، قىشلاقلاردا، بولۇپمۇ قەدىمىي گۈزەر - بازارلاردا تىل - ھاقارەت سۆزلىرى باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپرەك ۋە رەڭگا - رەڭ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدىراق تۇرىدىغان ئاھالىلەر ئارىسىدا تىل - ھاقارەت سۆزلىرى بەكرەك ۋە كەڭرەك ئومۇملاشقان.

4) ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - ھاقارەت سۆزلىرى مەھەللىۋىلىككە ئىگە.

بەزى بىر ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھاقارەت سۆزلىرى ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆزگىچىلىككە ئىگە. مەسىلەن: تۇرپان، توقسۇن رايونلىرىدا «گۆيتوزا» ، قەشقەر تەرەپلەردە «گۆي، گۆينىڭ بالىسى» ، خوتەن تەرەپلەردە «گاداي» ، قۇمۇلدا «لومودى» ، تۇرپان، توقسۇنلاردا «كانتو» ، باشقا جايلاردا «ئوغرى» ، غۇلجىدا «شۇم» دېگەندەك.

5) ئۇيغۇر تىلىدا چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان تىل - ھاقارەت سۆزلىرىمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار تىل قوبۇل قىلىشتا شۇ قەدەر رايىشكى، ھەتتا تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنىمۇ چەت تىللاردىن كىرگۈزۈشتىن يانمىغان. مەسىلەن: گۆي، گۆيتوزى، لومودى، چۈپەي، ئېرلىۋزى، ليۇماڭ، زىۋازى، سولۇزى، شۇمپەن، ياپتىۋاي-مات، خاۋارىج، كىسپۇرۇش، خۇمپەر . . .

6) ئۇيغۇرلاردا تىل - ھاقارەت سۆزلىرى مول ۋە رەڭگا - رەڭ. شۇڭا بىز بۇ ماقالىغا كىرگۈزگەن تىل - ھاقارەت سۆزلىرى ھېچقانچە كۆچىمەي، ئانچە كۆپ تىل تەكشۈرۈشى قىلمايلا توپلانغان. مۇبادا جاي - جايلاردا تىل تەكشۈرۈپ، ماتېرىيال توپلاپ، تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلساق، چوڭ بىر ئەسەر پۈتۈشى مۇمكىن.

ئومۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئېغىزغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان تىل - ھاقارەتلەر، لېكىن بۇنى

(ئاخىرى 49 - بەتتە)

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2001 年第一期

总第五十四期


顾　问
乌依古尔・沙依然
伊敏・图尔逊
努尔穆罕默德・多莱提

主　编
沙比尔・艾力

副主编
吾甫尔・吾守尔・尼牙孜
阿不都肉甫・艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫・艾力
阿不都守库尔・图尔地
阿不都克优木・霍加
阿不来提・努尔东
阿不来提・伊敏
热米拉
沙比尔・艾力
吾甫尔・吾守尔・尼亚孜
霍加阿合买提・优努斯
哈德尔・阿皮孜
哈斯木・霍加
库尔班・马木提

责任编辑
阿不力孜・鄂尔浑


# 目　录

## 文献纪录


关于进一步做好地方志工作力争 2005 年完成我区本届修志任务的通知 ………… 1

自治区地方志编委会 2001 年工作要点 ………… 4


## 历史资料


外国间谍在新疆的末日 ………… 李光清 8

1934 年整编的骑兵六师 ………… 默罕默德伊敏・库尔巴尼 20


## 学术讨论


喀什噶尔的皇家与伯克 ………… 泽田稔〔日〕25

初探古突厥文献中的 Türk yoǧul bodun 词组 ………… Л. Ю. 图古舍娃〔俄〕35


## 修志研究


不论未述的维吾尔语史志文献 …… 土．萨吾提，地．阿不力米提 39


## 历史回忆录


洒在切西塔格山脚下的鲜血 ………… 马木提・哈孜 50


## 风俗习惯


初探维吾尔人的辱骂述语及其内涵 …… 穆合塔尔・阿不都热西提 61

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 新疆地方志维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
照　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

国内统一刊号 CN65－1128/K－W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65－1128/K－W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن